# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى

4

1988

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەكتىپىمىز مۇدىرى چوڭھاجىنىڭ
# ئامېرىكىدىكى زىيارىتىدىن خاتىرىلەر





1- ئاق ساراي ئالدىدا

2- ئاق ش. شتاتقا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېت- ئىنستىتۇتى جەمئىيىتىنىڭ 27- نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىدا

3- ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا

| | |
|---|---|
| 2 | 1 |
| | 3 |
| 5 | 4 |








4- ساھىپخان ھەمراھلىقىدا مىسسىسىپى دەرياسى بويىدا

5- دىككىنسون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ ۋىۋىسكىسى ئالدىدا

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

1988 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 34 - سان)

باش تەھرىر: چوڭ ھاجى    مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى

## مۇندەرىجە

سوتسىيالىزمنىڭ تۇنجى باسقۇچىدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا يۈزەكى مۇلاھىزە ...... چوڭ ھاجى (2)

تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى ۋە خەلقئارا سودا ...... تۇرغۇن ئالماس (11)

ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ...... خېۋىر تۆمۈر (33)

ئىنكار (مەنپىي) ھۆكۈم ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە ...... توختىھاجى ئىمىن (47)

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى «قىرىق» مۇقەددەسلىكى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت ...... يار مۇھەممەت تاھىر (63)

ئىنفورماتسىيە ۋە كۈتۈپخانىچىلىق ...... مىرزەھمەت ئوسمان (88)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى گرېك شەھىرى ...... پاۋل بېرنارد (98)
(قاھار تەرجىمە قىلغان)

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قاھار ھاۋزىت

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا يۈزەكى مۇلاھىزە

چولق ھاجى

باش شۇجى جاۋزىياڭنىڭ پارتىيە 13- قۇرۇلتىيىدا بەرگەن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتى — قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ھۆججىتى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى پروگراممىغا خاراكتېرلىك تارىخىي ھۆججىتى. 13 - قۇرۇلتاينىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى توققۇز يىللىق خىزمەتلەرنى - ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىرتقا قاراتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى قەتئىي ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى ساھەدە ئېلىپ بارغان ئاجايىپ ئۇتۇقلۇق خىزمەتلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلىدى. ھازىرقى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئىلمىي ئاساستا شەرھلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي مۇددىئاسى توغرا بەلگىلەندى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تۈپ فاڭجېن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، قۇرۇلتاي، مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىغا يۈكسەك باھا بەردى. قۇرۇلتايدا: «تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى — ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە نۇرغۇنلىغان لاياقەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا باغلىق. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ئاساسى - مائارىپ. مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قەتئىي ئېھتىشماي، ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ نى-

داق ئوتتۇرىغا قويۇش، پارتىيىنىڭ مائارىپقا، مائارىپنىڭ مەملىكىتىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى رولىغا ئېتىبار بېرىشنىڭ زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەلىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ كەڭ مائارىپچىلارنىڭ قەلبىنى شاتلاندۇردى. ئۇلارغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مائارىپچىلارغا نىسبەتەن تەلەپنىڭ يۇقىرى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا سوتسىيالىزم تۆۋەن باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مائارىپقا جۇملىدىن ئالىي مائارىپقا قانداق تەلەپ قويىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش، قۇرۇلتاي مائارىپقا قويغان تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە بولۇپ ئالدىمىزغا قويۇلدى. مەن بۇ ماقالەمدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بەزى تەسىراتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يولداشلار بىلەن مۇھاكىمە قىلماقچىمەن.

جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى قانداق تارىخىي باسقۇچ؟ بۇ، مەسىلىگە باش شۇجى جاۋ زىياڭ قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا ناھايىتى يىغىنچاق قىلىپ: «بۇ، ھەر قانداق دۆلەت، سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان ئومۇمىي باسقۇچ دېگەن ئومۇمىي مەنىنى ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىدا قالغان، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا تۇرۇۋاتقان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتا بېسىپ ئۆتىشى مۇقەررەر بولغان ئالاھىدە باسقۇچ دېگەن خاس مەنىنى بىلدۈرىدىغان باسقۇچ، دۆلىتىمىزدە 50 - يىللاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن تاماملانغاندىن تارتىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشقىچە، ئاز دېگەندە 100 يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ ۋاقىت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ، باسقۇچ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىغا ئاساس سېلىنمىغان ئۆتكۈنچى دەۋردىنمۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشقان باسقۇچتىنمۇ پەرقلىنىدۇ. خەلقنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي - مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن، قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھازىرقى باسقۇچتا بىز ھەل قىلىۋاتقان ئاساسىي زىددىيەتتۇر، سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

لېكىن ئۇ ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، سانائەتنى- يېزا ئىگىلىكىنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن - تېخنىكىنى پەيدىنپەي زامانىۋىلاشتۇرۇش، ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان قىسمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. يەنە بىر ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇش باسقۇچى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاھالىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان، قول ئەمگىكى ئاساس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەملىكەتنى پەيدىنپەي، يېزا ئىگىلىك كەسپىدىن باشقا كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نوپۇس كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان، ناتۇرال ئىگىلىك ۋە غەيرى ناتۇرال ئىگىلىكىنى، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلاندۇرۇش باسقۇچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، سىياسىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچى، ئومۇمىي خەلق ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش باسقۇچى؛ دەپ جاۋاب بەردى. ھەممە ئۇنى چوڭقۇر شەرھىلىدى. بۇ شەرھى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيە، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ۋە جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قايتا - قايتىلاپ يەنە بىلىش ھاسىل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىقىنىڭ توغرا ئىنكاس قىلىنىشى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى ئەڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە زور مۇۋەپپەقىيىتى. جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىلمىي ھالدا يىغىنچاقلىنىشى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ سىستېمىلىق يەكۈنلىنىشى، پۈتۈن پارتىيە ۋە مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈشى. 13 - قۇرۇلتاينىڭ ھوكلاتىدىكى بارلىق ئىلمىي قاراشلارنىڭ ئاساسىي ۋە نېگىزى، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن - فاڭجېن سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە تۈپ چىقىش نۇقتىسى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تونۇش، پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش- سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىش مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قانداق قىلغاندا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپى، دۇنيانىڭ پەن - تېخنىكا ئەھۋالىدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئالدى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى تونۇش كېرەك. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۈرەلگەن. بىزنىڭ مۇشۇنداق ئىنتايىن قالاق شارائىتتا سوتسىيالىزم قۇرىمىز، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە دەسلەپكى باسقۇچنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ، دەسلەپكى باسقۇچنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ياكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، تاۋار ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلانمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى جەھەتتىن گەرچە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي ئورۇندا بولسىمۇ سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولمىغان ئىقتىساد ئۆزىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش گەرچە ئاساسلىق مۇھىم تەقسىمات شەكلى بولسىمۇ، لېكىن باشقا تەقسىمات شەكلى ئۆزىنىڭ قوشۇمچىسى بولىدۇ. ئۈستقۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە خېلى زور تەرەققىي قىلغان، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ئانتاگونىستىك بولمىغان ئەھۋال ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئانتاگونىستىك زىددىيەت، ھەتتا دوست دۈشمەن ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ مەۋجۇت. دېمەك سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى مۇكەممەل بولمىغان، پىشمىغان، تەرەققىي قىلمىغان سوتسىيالىزم، بىزنىڭ مائارىپىمىز مۇشۇنداق جەمئىيەت شارائىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بۇلار سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى.

يۇقىرىقى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ئازادلىقتىن بۇيانقى بولۇپمۇ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مائارىپ تەرەققىياتى ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش لازىم. دۆلىتىمىز ۋە مائارىپ ئەمەلىيىتىلىرىگە ئىگە. بىز دۆلىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى كۆرۈشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن مائارىپ ئىشلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ماسلىشالماسلىق، مائارىپ ئىسلاھاتىدا كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىش يې-

قۇر ئىزدىنىش كەم بولۇشتەك بىر تەرەپنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيادا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلا-بىنىڭ مائارىپقا بولغان تەسىرى، تەلىپىنى، دۇنيادىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى، تەجرىبىسى يۈزلىنىشىنى، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قا-نۇنىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش لازىم.

يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىن قارىغاندا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئالىي مائارىپى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلىمىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1. مائارىپ تەرەققىياتى ئۇزۇن مۇددەتلىك خاراكتېرگە ئىگە. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانى. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى مائا-رىپمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇرەككەپ ئىلگىرىلەش جەريانى بولىدۇ. ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ ئىشقا نىسبەتەن تونۇشىمىز ئېنىق بولمىغان، بۇ بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا دائىم ئالدىراپ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ ئېھتىياجنى كۆپ ئويلاپ، ئىمكانىيەتنى كۆزدە تۇتماي ئېھتىياج بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىمىز، داۋاملىق تېز ئۈنۈم قازىنىمىز دەپ كېيىنلىككە گىرىپتار بولۇشىمىزدا ئىپادىلەندى. ئۆزىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى تەتقىق قىلغان ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالىي مائارىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئارىلىقىمىزنىڭ بىر قەدەر چوڭ، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنىڭ بىر قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇتۇش شارائىتىمىزنى تەھلىل قىلىشىمىز كەم بولدى. نەتىجىدە ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى بەك تېز، بەك قىسقا بولۇپ كېتىش ئەھۋالى كۆپ قېتىم يۈز بەردى. چوڭ تەرەققىياتتىن كېيىنلا تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كەلدى. ئالىي مائارىپ قۇرۇلۇشىدا بىز دائىم پەرقلەندۈرمەيلا يۇقىرى قاتلامدىن قوغلاشتۇق. «چوڭ ھەم تولۇق» بولۇش، «كىچىك بولسىمۇ تولۇق بولۇش» نى تەكىتلەپ ھەممە كۈچنى مائارىپتا سانىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىگە قويدۇق. كۆپرەك ۋاقىت كۈچ ئاجرىتىپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلالمىدۇق. مائارىپتا سان بىلەن سۈپەتنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى «ئايلانما» ھالەتكە مۇناسىپ ھالدا بىزنىڭ ئالىي مائارىپىمىز دائىم «جىددى ئايلانما» ھالەتتە تۇردى. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، مائارىپنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ تۈزۈلمىسىدىكى مەسىلە، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت-لىك ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا قويۇلۇشىنى تەلەپ
قىلىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز قالاق بولغانلىقتىن مائارىپ-
نىڭ تەرەققىياتى مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. يولداش جاۋزىيالڭ
پارتىيىمىز زاتلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت يىغىنىدا، بۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت مائا-
رىپ راسخودىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆپەيتىدۇ. ھەر يىلى ئاشۇرۇشنى ئىشقا
ئاشۇرىدۇ، ئاشۇرۇش مىقدارى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دائىم مالىيە دائىملىق كىرى-
مىنىڭ ئېشىش مىقدارىدىن چوڭ بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ ئە-
مەلگە ئاشمايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈم باسقۇچىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن مۇددە-
دەتلىكى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

2. بۇ باسقۇچتىكى ئالىي مائارىپ كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام، كۆپ مەنبەگە ئىگە بولىدۇ.
سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىر قەدەر
ئارقىدا قالغان، تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، ئاز ساندىكى بىر قەدەر تە-
رەققىي قىلغان چەت ئوتتۇرا شەھەرلەر ۋە رايونلار تەرەققىي قىلمىغان يېزا
ۋە رايونلار بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت، بىر قىسىم زامانىۋى سانائەت كۆپلىگەن زا-
مانىۋى سەۋىيىدىن بىر قانچە 10 يىل ھەتتا 100 يىل تۆۋەن تۇرىدىغان سانائەت
بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت. ئاز ساندىكى، دۇنيادا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە پەن -
تېخنىكا، ئومۇمەن پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان، ساۋاتسىز، چالا
ساۋاتلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ $\frac{1}{4}$ نى ئىگىلەيدىغان ھالەت بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت.
بېيجىڭنى مىسال ئېلىپ كۆرسەك 85 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا
پۈتۈن شەھەردىكى تۆتمىڭدىن ئوشۇق سانائەت ئورۇنلىرى ئىچىدە چوڭ تىپتىكىسى 10%
گە يەتمەيدۇ. 90% دىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى سانائەت ئورۇنلىرى (1000 دەك كەنت باش-
قۇرغان سانائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئۇسكۈنە سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، 300 دىن
ئارتۇق چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت ئورۇنلىرى ئىچىدە 1970-يىلىنىڭ ئاخىرى 1930- يىل-
نىڭ بېشىدىكى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىدىكى ئۇسكۈنە ئاران 11%، 60- يىل-
لاردىن بۇرۇن زاۋۇتتىن چىققان ئۇسكۈنە % 0/ دىن يۇقىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ
ساپاسىدىن قارىغاندا 300 دىن ئوشۇق چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت ئىچىدە ئالىي
ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا خادىملىرى 3% گە، تولۇقسىزدىن يۇقىرى مەدە-
نىيەت سەۋىيىگە ئىگە بولغانلار 57% گە يېتىدۇ. كىچىك تىپتىكى سانائەت، كەنت
باشقۇرغان سانائەتنىڭ ئۇسكۈنە، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ساپاسى تېخىمۇ تۆۋەن. بۇلار
دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سانى كۆپ، دا-
ئىرىسى كەڭ بولغان سانائەتنىڭ بىر قەدەر ئارقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.


AltunOq

www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىز مائارىپى چوقۇم مۇشۇ رېئاللىققا يۈزلىنىشى، ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان ساھە، تارماقلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرەققىيات نىشانىنى بېكىتىش پىلانىنى تۈزۈشى لازىم. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىلنى، كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشنى يولغا قويۇش، «بىر خىللا» قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مائارىپىدىن ئېيتقاندا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى كۆزلەش، ئاز سانىدىكى زامانىۋى، سانائەت ئورۇنلىرى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۈچۈن يۇقىرى سۈپەتلىك كەسپىي خادىملارنى يەتكۈزۈپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن سانائەت ئورۇنلىرى ۋە رايونلار ئۈچۈن ھەر خىل تېخنىكى مۇشۇ خىلدىكى سانائەت ۋە رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان لاياقەتلىك خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز بىر خىل قېلىپتا مەكتەپ باشقۇرماسلىق، ئۇزۇن ھالدا، مائارىپنىڭ قاتلىمى قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە ياخشى دەپ قارىماسلىق لازىم.

ئالىي مائارىپنىڭ قاتلىمىدىن ئېيتقاندا، تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار تەربىيىلىنىدىغان ئاساسىي پەنلەر بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيىلەيدىغان، مەخسۇس كەسپلەر بويىچە مەكتەپ، كەسىپ، سەنئەتلەر مۇۋاپىق نىسبەتتە ئېچىلىش شەكلىدىن ئېيتقاندا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ ئالىي مەكتەپلەر، ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپلەر، رادىئو تېلېۋىزىيە ئالىي مەكتەپلىرى، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش قاتارلىقلار يولغا قويۇلۇشى، مەبلەغ جەھەتتىن ئېيتقاندا دۆلەت باشقۇرىدىغان زاۋۇت، كارخانىلار باشقۇرغان، خەلق تەشكىلاتى باشقۇرغان كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر باشقۇرىدىغان مەكتەپلەر بولۇشى لازىم.

ئامېرىكا ئالىي مائارىپ ساھەلىرىنى ئىكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا بىزگە بىر قەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلغان نۇقتا شۇ بولدىكى ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە قاتلام ئېنىق، مەكتەپلەرمۇ شۇ قاتلاملارغا رازى. يەنە بىر نۇقتا ئۇلاردا پىلانچانلىق، دەل بولۇش ئامىللىرى كۈچلۈك. مەكتەپ، پاكۇلتېت، كەسپلەرنى تەسىس قىلىش ھەم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلىرى تامامەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئاز سانىدىكى مەكتەپلەرنى ئوتتۇز-ئوتتۇزنى، ئىلمىي تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى مەركەز قىلىپ باشقۇرۇش، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش، دۆلەت

ئۈچۈن يۇقىرى قاتلام يېتەكچى سۈپەتلىك خادىملارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. كۆپ مەكتەپلەر ئۆز رايونى ئۆز ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنىشى، ئۆز رايونى ئۆز ناھىيەسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېھتىياجىدىكى ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشى لازىم.

3. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مائارىپ چوقۇم ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مائارىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. لېكىن مائارىپتا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش-ئوقۇشتا كىرىش نىسبىتىنى قوغلىشىش مەسىلىسى ساقلانماقتا. بىزدە مائارىپ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تەخىرسىزلىك ھېسسىياتى بولۇش لازىم. 1987-يىلى بېيجىڭ رايونىدىكى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلار تەخسىم قىلىنغاندىن كېيىن، قوبۇل قىلغۇچى ئورۇنلار تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. بېيجىڭ رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى تەخسىم قىلىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ھەر قايسى ئورۇنلار88-يىللىق ئالىي مەكتەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قويغان تەلىپىدىن قارىغاندا ئومۇمەن ئېھتىياج قانمايدۇ. لېكىن ئېھتىياج ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئازايغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەندە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىش. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ بۇ خىل ۋەزىيەتكە نىسبەتەن چوقۇم سەگەك بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز، ھەر خىل ئىسلاھات لايىھەلىرىنى تولۇقلىشىمىز، ئالىي مائارىپ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىسلاھاتنى تېزلىتىش-چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشىمىز، مائارىپنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

4. مائارىپتا چوقۇم سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئالدى بىلەن سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مائارىپ چوقۇم چىڭ تۇرۇش زۆرۈر بولغان پىرىنسىپلارنىڭ بىرى؛ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى بىر قەدەر ئارقىدا بولغانلىقتىن ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ كاپىتالىزمغا قارىغاندا زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تولۇق نامايەن قىلالمىدى. شۇڭا سوتسىيالىزمدىن گۇمانلانغان، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلغان، كاپىتالىزمنى ئۇلۇغلايدىغان بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيەسى ئۇزۇن مۇددەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاۋار ئىق-تىسادى، خۇسۇسىيلارنىڭ بىرلەشمە ئىقتىسادى، شەخسىي ئىقتىساد كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، چەتكە قارىتا ئېچىۋېتىش فاڭجېنى قوللىنىلىپ كاپىتالىزمنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى، باشقۇرۇش تەجرىبىسى ئېلىپ كىرىلىدۇ. مۇشۇنداق سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىلغار نەرسىلىرى بىلەن بىرلىكتە چىرىك نەر-سىلىرىمۇ كىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر دەسلەپكى باسقۇچتا سوتسىيا-لىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، ئالىي مەكتەپلەرنى كاپىتالىزم، بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرا-لايدىغان مۇستەھكەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار ياخشى، لېكىن ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئاز بولمىغان پىكىرلەرنى بەردى، ئۇلار نۇق-تىلىقراق توختالغان مەسىلە — خېلى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى تۆۋەن، بىر قىسمىدا ئىرادە ئاجىز، مەسئۇلىيەتچانلىق ئاجىز، خىزمەتكە خاتىر-جەم ئەمەس، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش ئىدىيىسى، پىداكارلىق روھى يىرق، ئەمەلىيەتكە سەل قارايدۇ، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى، ئاجىز ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدىكىلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئۇزۇن باسقۇچىدا، بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمىز چوقۇم سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەن-دۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا بىزنىڭ تەربىيىلىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىلىرىمىز ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبە-لىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، ماركسىزم-لېنىنىزمنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىغا ئىگە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋىلاشتۇرۇش-نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا پىداكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرىدىغان قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداق بولغاندىلا بىز ئۇلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئىلغارلارنى تەربىيىلەپ چىقالايمىز.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مائارىپقا تايىنىش فاڭجېنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈ-رۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى ۋە خەلقئارا سودا

تۇرغۇن ئالماس

## 1 - خەلقئارا قاتناش يولى

ⅡX ئەسىردىلا ياۋروپا ئالىملىرى تەرىپىدىن يىپەك يولى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان، ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش يولى نىھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مانا شۇ يول توغرىسىدا قەدىمكى چاغلاردا، جۇڭگو تارىخچىلىرى ۋە يۇنان — روما ئالىملىرى مەلۇمات بەرگەن.

سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دە، «پەرغانە ھەققىدە قىسسە» ۋە بەنگۇ «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» بابلىرىنى يازغاندا، مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن غەربىي رايونغا ئىككى قېتىم كېلىپ كەتكەن (مىلادىيەدىن 130 يىللار بۇرۇن بىر قېتىم، مىلادىيەدىن 115 يىل بۇرۇن بىر قېتىم) مەشھۇر سەييا ۋە دىپلومات جاڭچيەننىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەنۇۋدىغا غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىدىن پايدىلانغان.

جۇڭگونىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغاندا، شەرقتىن غەربكە بارىدىغان خەلقئارا سودا يولى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي يول دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

قەدىمكى چاغدا شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولغان جۇڭگونىڭ پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) دىن غەربتىكى روما ئىمپېرىيىسىگە بارىدىغان يول گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئارقىلىق داشاتا (دۇڭخۇاڭ) غا ئېلىپ كېلىدۇ. داشاتادىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا، يول ئىككى ئاچىغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ ئاچا يولنىڭ بىرى، داشاتانىڭ غەربىي شىمالىدىكى لولان ئارقىلىق لوپنۇرغا ئۆتۈپ جەنۇبىي تاغ (قارا قۇرۇم) تىزمىلىرىنى بويلاپ خوتەنگە بارىدۇ. خوتەندىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭغاندا ياركەندكە بارىدۇ. ئاندىن پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ ئافغانىستاندىكى بەدەخشان ئارقىلىق ئامۇ ۋادىسىغا ئۆتىدۇ. بۇ يەردىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا ئىران، ئىراق ئارقىلىق يونانىستانغا بارىدۇ. مانا مۇشۇ يول جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ.

داشاتادىن غەربكە ماڭغاندا، ئىككىسى ئاچما بۆلۈنگەن يولنىڭ يەنە بىرى اولاننىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، قۇمۇلغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن قۇمۇلدىن تۇرپانغا ئۆتۈپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىنى بويلاپ غەربكە ماڭغاندا، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدۇ. قەشقەردىن چىقىپ غەربكە ماڭغاندا، پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ پەرغانە (هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدە) سوغدى، خارەزمى ئارقىلىق ئالانلار مەملىكىتىگە (كاسپى دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بارىدۇ. ئاندىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئىرانغا ئۆتۈپ غەربكە ماڭغاندا مېسوپوتامىيە ۋادىسى ئارقىلىق يونانغا بارىدۇ. بۇ يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ.

يونان جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمىي II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەرب ئەللىرى بىلەن شەرق ئەللىرى ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنى ئېنىق كۆرسەتكەن ئىدى.

پتولېمىينىڭ كۆرسىتىشىچە، غەرب ئەللىرى بىلەن شەرق ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن (هازىرقى سۈرىيىدىن شەرققە قاراپ باشلىنىپ مېسوپوتامىيە ئارقىلىق تاش مۇنارغىچە (بۇ تاش مۇنار تاغلاردىن ئالاي ۋادىسىغا چىقىش جايىدا بولۇشى مۇمكىن) بولغان جايلاردىن ئۆتكەن. كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، II ئەسىردىكى خەلقئارا سودا يولى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، سۈرىيە، ئىراق (مېسوپوتامىيە ۋادىسى) ئىران، ئافغانىستان ئارقىلىق ئۆتۈپ، ئاندىن شىمالغا يۈزلىنىپ سېرلەر (بۇ يونانچە سۆز بولۇپ، يىپەك ئەلى دېگەن بولىدۇ) مەملىكىتىگە (تارىم ۋادىسىغا) ئېلىپ بارغان.

يونان ئالىمى پتولېمىينىڭ كۆرسەتكەن يولى جۇڭگو تارىخچىلىرى «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتىغان يولغا توغرا كېلىدۇ.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە) شەرقتىن - غەربكە بارىدىغان سودا يولى توغرىسىدا «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى. پېيجۈي ھەققىدە قىسسە» دە بىر قەدەر ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ يىلنامىغا كۆرە، شەرقتىن - غەربكە بارىدىغان يول ئۈچ تارماقتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە يىلنامىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن.

سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭدىنىڭ ۋاقتىدا (605 - 618) غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا ئەلچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى هازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيېغا كېلىپ جۇڭگو بىلەن سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان، سۈي ياڭدى، پېيجۈي ئاتلىق كىشىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەن:

پەنجوي غەربىي رايوندىن جاڭيېغا كەلگەن چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدىن پايدىلىنىپ غەربىي رايوندا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ تاغلىرى، دەريالىرى خەتەرلىك ئۆتكەللىرى (يول ئۆتكەللىرى) توغرىسىدا مەلۇمات توپلىغان. پەنجوي توپلىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ «غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىسى» ناملىق ئۈچ جىلدلىق ئەسەر يازغان... شۇ ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن... «داشاتادىن غەربكە قاراپ مېڭىپ كاسپى دېڭىزىنىڭ بويىغا بېرىشتا ئۈچ يول بار... بۇ يوللارنىڭ بىرى شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول قۇمۇل، باركۆل، تورالار (ئۇيغۇرلار — ئ-ا) ياشايدىغان جايلار (قۇمۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ ئىلى ۋادىسىغىچە) ئارقىلىق تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئوردىسىغا (غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ تالاس دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا) ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن غەربكە يۈرگەندە، چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىگە، كاسپى دېڭىزىنىڭ بويىغا بارىدۇ. يوللارنىڭ يەنە بىرى ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر ئارقىلىق ئۆتىدۇ، قەشقەردىن چىقىپ پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ پەرغانە، تاشكەنت، سەمەرقەنت، كېبۇر، بۇخارا، مەرۋى شاھى جاھان ئارقىلىق كاسپى دېڭىزىنىڭ بويىغا بارىدۇ. يوللارنىڭ يەنە بىرى جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول پىچان، خوتەن، قاغىلىق، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ ۋاخان (ئافغانىستاندا)، توخارىستان (ئافغانىستان) ئېپتالىت (ھازىرقى پاكىستان، شىمالىي ھىندىستان) باميان (ئافغانىستاندا) كېبور (سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا بارىدۇ، بۇ يەردىن كاسپى دېڭىزىنىڭ بويىغا بارىدۇ. بۇ ئۈچ يول بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرى ماڭىدىغان يوللىرى بولۇپ، شىمال بىلەن جەنۇبقا قاتنايدۇ. قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، غەربىي رايونغا بارىدىغان يوللارنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، داشاتا بولسا ناھايىتى مۇھىم ئۆتكەن.»⑥

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى (552 - 744) خەلقئارا سودا يولى غەربتە كونستانتىنوپىلدىن (ھازىرقى ستامبۇلدىن) باشلىنىپ شەرقتە كىرېمگىچە بارىدۇ.

پەنجوينىڭ «غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىسى» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن شىمالىي، ئوتتۇرا، جەنۇبىي يول دەپ ئاتالغان ئۈچ يولنىڭ ئاساسلىقى ۋە تۈگۈنلىرى بولغان رايونلار (كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى جايلار، خارەزىم، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، تارىم ئويمانلىقى) تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدە بولۇپ، تۈركلەر خەلقئارا سودا يولىنىڭ خوجايىنى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2 ـ «يىپەك مەلىكىسى» رىۋايىتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئالىملار (چەت ئەل ئالىملىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قەدىمكى خوتەننىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق ھۈنىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاتالمىش «يىپەك مەلىكىسى» دېيىدىغان رىۋايەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە شەرق مەلىكىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن خوتەندە پىلىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ رىۋايەتنى راستقا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلار، رەت قىلغىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلاردىن كۆز يۇمۇپ، خوتەنگە پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى مىلادىنىڭ 420-يىلى خوتەن خانى ۋىيجاياجاياۋاغا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىسى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىق ھۈنىرى مەيدانغا كەلگەن، دېيىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسلىنىدىغان دەستىمايىسى: جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر بۇددىست شۈەنجۇاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىكى شەرق مەلىكىسى توغرىسىدىكى رىۋايەت.

شۇ رىۋايەتكە كۆرە، شەرق مەلىكىسى (جۇڭگو مەلىكىسى) خوتەن خانى ۋىيجا ياجاۋاغا (مىلادىنىڭ 420 - يىلى ياكى 440 - يىلى بولسا كېرەك) ياتلىق بولۇپ خوتەنگە كېلىدىغان چاغدا، باش كىيىمىنىڭ ئىچىگە پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى يوشۇرۇپ، چېگرادىن ئۆتكەنمىش. چېگرادىكىلەر مەلىكىنىڭ باش كىيىمىنى تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان. مەلىكە خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن پىلىنى ئۆستۈرگەن. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر خوتەن خانىغا، بۇ قۇرتلارنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى، بولمىسا ئۇ ئەجدىھارغا ئايلىنىشى مۇمكىن دەپتۇ. ئەمما مەلىكە پىلە قۇرتىنى يوشۇرۇن ھالدا بېقىپ، ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭدىن چىققان يىپەكتىن شايى-دۇردۇن توقۇتۇپ، كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈپ كىيىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتەن خانى پىلە قۇرتىنى ئۆستۈرۈشكە يول قويۇپتۇ.⑧

بۇ رىۋايەتنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 524 - يىلى خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان شەرق مەلىكىسى (جۇڭگو مەلىكىسى) پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىشتىن ئاز دېگەندە 800 يىل بۇرۇن (مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن) خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ياۋروپادىكى روماللىقلارنىڭ خوتەندە توقۇلغان يىپەك ماللارنى ئەتىۋالاپ، ئۇنىڭدىن كىيىم - كېچەك كىيگەنلىكىنى، شۇ چاغلاردا تېخى جۇڭگودىن چىققان يىپەك ماللارنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار

ئارقىلىق «خوتەنگە پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى شەرق مەلىكىسى ئېلىپ كەلگەن» دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىش لازىم.

«يىپەك مەلىكىسى» توغرىسىدىكى رىۋايەتنى رەت قىلىش ئۈچۈن قەدىمكى چاغلاردا رومالىقلارنىڭ جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى تېخى بىلمىگەن ۋە ئۇنى كۆرمىگەن چاغدا، ئەڭ دەسلەپ، قايسى خەلقلەر توقۇغان يىپەك ماللارنى بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ ماللاردىن كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيگەنلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم مەسىلە.

قەدىمكى چاغدىكى يونان ۋە روما ئالىملىرىدىن كېتسىئاس (مىلاددىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان)، سترابون (مىلاددىن 54 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 24-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) فوبېلىمۇس ۋېرگىلىمارو (مىلادىنىڭ 50-يىللىرى ياشىغان)، روما تارىخچىسى فلوروس (مىلادىنىڭ 50-ياشىغان)، روما يازغۇچىسى مىلا (مىلادىنىڭ 50 - يىللىرى ياشىغان)، فىلىنى (مىلادىنىڭ 23 - يىلى تۇغۇلۇپ 79 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) كىلاۋدى پىتولېمى (مىلادىنىڭ 150 - يىللىرى ياشىغان) قاتارلىقلار، ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى (خوتەننى ئاساس قىلغان) يونان تىلىدا «سىرىسلار دۆلىتى» («يىپەك دۆلىتى») دەپ يېزىشقان.

ياۋروپادا تۇنجى قېتىم يىپەك دۆلىتى («سىرسلەر دۆلىتى») توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن يونان ئالىمى كىتسىئاس بولۇپ، ئۇ مىلاددىن 400 يىل بۇرۇن «سىرسلەر دۆلىتى» دېگەن نامنى تىلغا ئالغان.

يونان ئالىمى سترابون ئۆزىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنى يازغاندا (مىلاددىن بىر ئەسىر بۇرۇن) ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) نىڭ مىلاددىن 328 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سەركەردىسى ئونىسكرىتوسنىڭ خاتىرىسىدىن پايدىلانغان. ھىندىستانغىچە كەلگەن ئونىسكرىتوس ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان تارىم ۋادىسىنى «سىرسلار دۆلىتى» دەپ يازغان.

سىرسلار دۆلىتى ھەققىدە يونان ۋە روما يازغۇچىلىرى ئىچىدىن مىلا، پىلىنى، پىتولېمى، مارسىللىنوس قاتارلىقلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىرقەدەر تەپسىلى ھەم ئېنىقراق.

روما يازغۇچىسى مىلا (مىلادىنىڭ 50 - يىللىرى ياشىغان)» ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىدە ھىندىلار، سىرسلىقلار، سىتسىيىلىكلەر[9] ياشايدۇ. ھىندىلار بولسا ئەڭ جەنۇبتا، سىتسىيىلىكلەر بولسا ئەڭ شىمالىدا، سىرسلىقلار مانا شۇ ئىككىسىنىڭ (سىتسىيىلىكلەر بىلەن ھىندىلارنىڭ — ئا) ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدۇ......سىرسلىقلار دۇنيادا تەڭدىشى تېپىلمايدىغان، سەمىمىي - سادىق ئادەملەر، سودا ئىشـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىغا ماھىر، سودا قىلغاندا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سۆزلەشمەيدۇ. مالنى قۇملۇققا قويۇپ كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ»⑩

مىلانىڭ سىرسىلىقلار توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى ئەمەلىيەتكە دەلمۇ - دەل ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۈچ نۇقتا بار.① مىلا ئېيتقاندەك، ھىندىستان سىرسىلىقلار (ئۇيغۇرلار — ئا) نىڭ يۇرتى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ② مىلا سىرسىلىقلار سودا قىلغاندا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سۆزلەشمەيدۇ. مالنى قۇملۇققا قويۇپ كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ.

بۇنداق ئەھۋال، قەدىمكى چاغلاردا تۈركى خەلقلەردە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن «تىلسىز سودا» نى كۆرسىتىدۇ.③ مىلا: «سىرسىلىقلار مالنى قۇملۇققا» قويىدۇ، دەيدۇ. مىلا ئېيتقان «قۇملۇق» تارىم ۋادىسىدىكى قۇملۇق چۆلنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇملۇق - چۆل يوق. بۇنى جۇغراپىيىدىن ئازدۇ ساۋادى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

تەبىئەتشۇناس رىم يازغۇچىسى پىلىنى (مىلادىنىڭ 23 - يىلى تۇغۇلۇپ 79 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «تەبىئەت تارىخى » ناملىق ئەسىرىدە: يىپەك دۆلىتى (سىرىس دۆلىتى)» توغرىسىدا مىلاغا ئوخشاش مەلۇمات بېرىدۇ. پىلىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرسىلىقلارنىڭ ئورمانلىرىدىن يىپەك چىقىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر..... كەمخاب تاۋار-دۇردۇن توقۇپ رىمغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ.. سىرسىلىقلار مۇلايىم، تارتىنچاق كېلىدۇ.»⑪

پىلىنى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرسىلىقلار، بوي تۇرقى جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېگىز، چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى كۆك، ئاۋازلىرى جاراڭلىق كېلىدۇ. چەتتىن بارغانلار ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەلمەيدۇ. چەتتىن بارغانلار ماللىرىنى مەلۇم دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىپ، سىرسىلىقلارنىڭ ماللىرىنىڭ يېنىغا قويىدۇ. ئەسلىدە بېكىتىلگەن باھا بويىچە مال ئالماشتۇرۇلىدۇ.»⑫

پىلىنىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، سىرسىلىقلارنىڭ يىپەك ماللىرى رىمغا چىقىرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلىنىنىڭ سىرسىلىقلارنىڭ ئىرقى خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىمۇ ئىرقى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى يېقىن بولغان ئۇيسۇنلارنى «كۆك كۆز، قىزىل چاچ» دەپ تەسۋىرلىگەن بولسا، قىرغىزلارنى «چىرايى ئاق - سۈزۈك قىزىل چاچ، ⑬ كۆزلىرى كۆك» دەپ ⑭ يازغان.

پىلىنى رىم ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ ساپاغا بېرىلىپ تۇرمۇ-

شۇندا چىرىكلىشىپ، بايلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ چېچىپ ئەخلاقى چىدىغۇسىز
ھالدا بۇزۇلغانلىقى، ئۇلارنىڭ كېيىدىغان كىيىملىرىنىڭ سىرسىلەر دۆلىتىدىن كېلى-
دىغان كىمخاب تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلىدىغانلىقى، سىرسىلەر دۆلىتىدىن سېتىپ
ئالىدىغان يىپەك ماللار ئۈچۈن رىم تىللالىرىنىڭ (ئالتۇن پۇللىرىنىڭ) سىرسىلىق-
لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:
«دۆلىتىمىزنىڭ تىللالىرىدىن ھىندىستان، سىرسىلەر دۆلىتى ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى
قاتارلىق ئۈچ ئەلگە، ھەر يىلى ئاز دېگەندە، يۈز مىليون سېستېركىس (رىم تىللا-
لاسى) ئېقىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ پۇللار دۆلىتىمىزدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللار (ئاق
سۆڭەكلەرنى دېمەكچى) نىڭ بۇزۇپ - چېچىپ خەجلىشى ئۈچۈن كېتىدۇ.»⑮

پىلىنىنىڭ «تەبىئەت تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، رىم ئاق سۆ-
ڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىيا-
جىغا لازىم بولىدىغان يىپەك ماللارنى سىرسىلىقلاردىن ئالغان بولسا، دورا - ھەر-
مەك، ئۈنچە - ياقۇتلارنى ھىندىستاندىن، مەرۋايىتلارنى ئەرەبىستاندىن ئالغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھەر يىلى رىم پۇلىدىن (روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇ-
لىدىن) يۈز مىليون سېستېركىس (رىم تىللاسى) رىم ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئېھتىياجى
ئۈچۈن سىرسىلىقلاردىن سېتىپ ئالىدىغان يىپەك ماللار، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان-
دىن ئالىدىغان دورا - دەرمەك، ئۈنچە - ياقۇت مەرۋايىتلار ئۈچۈن سەرپ بولغان.

يونان ئالىمى كىلاۋدى پىتولىمى، «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە، سىرسلار ئېلى
(يىپەك ئېلى) نىڭ تەبىئىي شارائىتى، قانداق خەلقلەر ياشايدىغانلىق توغرىسىدا
توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«سىرسلار ئېلىنىڭ غەربىي چېگراسى سىتسىيە بولۇپ، ئىمائۇس ⑯
تېغىنىڭ سىرتىدا. شىمالىي چېگراسى نامەلۇم يەر... شەرقىي چېگراسىمۇ نامەلۇم يەر...
جەنۇبىي بولسا ھىندىستاندىكى گانگى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن چېگرالىنىدۇ.»⑰

پىتولىمى سىرسلار ئېلىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغلار توغرىسىدا توخ-
تىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىرسلار ئېلىنىڭ تۆت تەرىپىنى... تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىككى چوڭ دەريا ئاقىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ
بىرىنچىسى ئويخۇر داس (oechordas) دەرياسى بولۇپ، ئۇ ئاۋشاتسىيان ۋە ئاس-
مىران (Asminaen) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ. دەريالارنىڭ
ئىككىنچىسى باۋتىس دەرياسى بولۇپ ئۇ كاسىيان (Kasyan) ۋە ئوتتۇرو كورخۇس
(ottozodozzhus) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ.»⑱

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى دەريانىڭ ئالدىنقىسى ئاقسۇ ياكى قەشقەر دەرياسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-كېيىنكىسى ياركەنت دەرياسى (زەرەپشان) ياكى قارىتاش دەرياسىدىن باشقا دەريا ئەمەس.

پىتولېمى ئۇيغۇرداس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇيغۇر داس دۆلىتى بار دېگەن. پىتولېمىنىڭ ئۇيغۇرداس، دېگىنى، دەل ئۇيغۇرلارنىڭ يونان تەلەپپۇزىدا ئىپادىلىنىشى خالاس.

يونان ئالىمى مارسېللىنوس (مىلادىنىڭ 380 - يىلى ياشىغان) «تارىخنامە» ناملىق كىتابىدا: «شەرقتە سېرىسلار ئېلى بار. ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلار بىر تۇتاش سوزۇلۇپ تەبىئىي توسۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. سېرىسلىقلار ئەنە شۇنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى تەكشى، كەڭ - تاشا ۋە باي. غەربتە سىتسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى بىلەن شىمالىدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى چۆللۈك. تاغلىرىنىڭ ئۈستى (تەگرى تاغلىرى بىلەن پامىر تاغلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك) يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي چېگرىسى ھىندى ۋە گانگى دەرياسىغىچە بارىدۇ...... تاغلىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىز، يوللىرى تىك قىيالىق، ئەگرى - بۈگرى كېلىدۇ. تاغلارنىڭ ئارىسى تۈزلەڭلىك. ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدە ئۇيغۇرداس ۋە باۋتىس دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئاقىدۇ.... سېرىسلىقلار تىنچ ياشايدۇ. ھەربىي قورال - ياراق تۇتمايدۇ. زادىلا ئۇرۇش قىلمايدۇ. مۇلايىم، خوشنا دۆلەتلەرنى پاراكەندە قىلمايدۇ، ئىقلىمى مۆتىدىل، ھاۋاسى ساپ، پاكىز، ئاسماندا بۇلۇت كۆپ بولمايدۇ، قاتتىق بوران چىقمايدۇ. ئورمانلىق ئىنتايىن كۆپ. ئورمانلىقتا ماڭسا ئاسماننى كۆرگىلى بولمايدۇ.»⑲ دەپ يازىدۇ.

مارسېللىنوس يەنە بۇنداق دەپ يازىدۇ: «سېرىسلىقلار ئاددى - ساددا ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار خالى جايدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ كىران ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. چەت ئەللىكلەر چېگرىدىكى دەريادىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە يىپەك ياكى باشقا مال ئالغىلى بارسا، كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە بېقىشىپلا باھاسىنى توختىتىشىدۇ، كېلىشەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يەر بايلىقى مول، باشقىلارغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ»

يۇقىرىدا، يونان ۋە رىم ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن پاكىتلاردىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن.

① مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن تارتىپ ياۋروپالىقلار (يونان ۋە رىم) تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئېلىنى يىپەك ئېلى (سېرىسلار ئېلى) دەپ تونىغان.

② يونان ۋە رىم ئالىملىرى تارىم ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى (تاغلىرى، دەريالىرى، ئورمانلىرى، چۆللىرى، ئىقلىمى)، ئۇنىڭغا چېگرىلىنىدىغان دۆلەتلەر ھەققىدە ئاساسەن توغرا مەلۇمات بەرگەن.

③ يونان ۋە رىم ئالىملىرى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ياۋروپالىقلار-

نىڭ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك ماللىرىنى ئىستېمال قىلغانلىقىنى كۈچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

④ يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى تارىم ۋادىسىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئۆز نامى بىلەن (ئۇيغۇر داس) ئاتىغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتىن قايسى ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگەن.

⑤ ئەگەر سىرىس ئېلى دەپ ئاتالغان تارىم ۋادىسىدا يىپەكچىلىك سانائىتى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ (مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن) تەرەققىي قىلمىغان بولسا، «جاھاننىڭ مەر - مەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان رىمدىكى روما ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك يىپەك ماللارغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلاردا يىپەك توقۇمىچىلىقىدا يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئاز ئەمەس.

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنسۇلارنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگەنگەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن VI ئەسىردە ئىچكى ئۆلكىلەردە توقۇلغان يىپەك توقۇلمىلار قېزىۋېلىندى. بۇنداق يىپەك توقۇلمىلاردىكى «نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات شۇ بولغانكى» شۇ چاغلاردا تۈز يوللۇق كىمخابلاردىن تاشقىرى قىيپاش يوللۇق، ئارقىسىدىن گۈل چىقىرىلغان كىمخابلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. ئارقىسىدىن بۇ خىل گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىلا (مىلادىدىن بىر - ئىككى ئەسىر بۇرۇن — ئا) شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدا قوللانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى يىپەك توقۇمىچىلىقىدا قوللانغان بۇ خىل توقۇش ئۇسۇلىنى (كىمخابلارنىڭ ئارقىسىدىن گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنى دېمەكچى-ئا) شىنجاڭدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك.»[20]

مانا شۇ پاكىت، قەدىمكى چاغلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ياكى يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا بولسۇن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، مىلادىنىڭ 440 - يىللىرى شەرق مەلىكىسى پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭ رايونىدا يىپەك يوق ئىدى، دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىدىغان مۇنداق بىر پاكىتنى كەلتۈرۈش لازىم.

يېقىنقى يىللاردا تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق «قېزىپ ئېلىنغان قولىيازمىلار ئىچىدە... مىلادىنىڭ 418 - يىل يىلىدا پىلە قۇرتى ۋە ئۈژمە دەرىخىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ھۆججەت ئۇچرىدى.»[21] مانا بۇ پاكىتمۇ، شەرق مەلىكىسى مىلادىنىڭ 440 - يىللىرى پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن، دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەدىمكى چاغدا خوتەندىلا ئەمەس، ھەتتا تۇرپاندىمۇ يىپەكچىلىك تەرەققىي قىلغان ئىدى.

⑥ يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن چىقىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم خۇلاسە ئاتالمىش «يىپەك مەلىكىسى» رىۋايىتىدىكى مىلادىنىڭ 440 - يىلى جۇڭگودىن خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكىنىڭ پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى يوق ئىدى دېگەن يالغان داۋانىڭ ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىنىشى خالاس.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى قەدىمكى چاغلاردا جۇڭگودىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكىلەرنىڭ ئىسىملىرى جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىغا يېزىلغان. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ۋە بىر ئەسىر بۇرۇن، جۇڭگودىن ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىغا، ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىلىرىنىڭ ئىسىملىرى جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىغا يېزىلغان. ئەپسۇسكى مىلادىنىڭ V ئەسىردە خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكىنىڭ ئىسمى جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگو ئەسلىدە يىپەكماللىرى چىقىدىغان ناھايىتى مۇھىم دۆلەت بولۇپ، جۇڭگونىڭ يىپەكچىلىكى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. لېكىن ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش يولى، ئاساسەن مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن جاڭچيەن غەرب ئەللىرىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا (بىرىنچى قېتىم كېلىشى مىلادىدىن 130 يىل بۇرۇن بولغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم كېلىشى مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن بولغان) رەسمىي باشلانغان.

جۇڭگو بىلەن غەربدىكى دۆلەتلەر ئىچىدىن، ئىران بىلەن تۇنجى قېتىم باشلانغان سودا مۇئامىلىسى ئاساسەن مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇن ئورنىتىلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى رومغا تۇنجى قېتىم ئىرانلىقلار ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

ھونلارنىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا قاتناش يولىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى تىجارەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى جۇڭگوغا نىسبەتەن گاھى تاقىلىپ، گاھى ئېچىلىپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 87 - يىلى ۋە مىلادىنىڭ 101 - يىلى، ئىران ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كەلگەن بولسا، مىلادىنىڭ 97 - يىلى جۇڭگو ئەلچىسى گەن يىڭ (بۈگۈنى بەنچاۋ ئەۋەتكەن) ئىرانغا بارغان. جۇڭگو بىلەن ئىران ئارىسىدا سودا مۇئامىلىسى توغرىسىدا بىتىم تۈزۈلگەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 120 - يىلى روملۇق بىر

سەپەرگەر دېڭىز يولى بىلەن ھىندىچىنىغا كېلىپ، بىرما ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. مىلادىنىڭ 166 - يىلى روما ئىمپېراتورى ماركوس ئاۋرېل (مىلادىنىڭ 161 - يىلىدىن 180 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەن. روما ئەلچىسى دېڭىزدىن ھىندىچىنىغا چىقىپ، ۋېتنام ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. ئەلچى جۇڭگو پادىشاھى خەن خۇئاندىغا (مىلادىنىڭ 147 - يىلىدىن 167 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) پىل چىشى، كەركە مۈڭگۈزى، ياقۇت قاتارلىق سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلگەن.[22]

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ جۇڭگو بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى، رومالىقلارنىڭ سىرىسلار ئېلى (يىپەك ئېلى) دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئورناتقان يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتى (بۇنداق مۇناسىۋەت مىلادىيىدىن 400 يىل بۇرۇن باشلانغان) دىن ئاز دېگەندە 3 ئەسىر (مىلادىيىدىن 105 يىل بۇرۇن) كېيىن باشلانغان. رومالىقلارنىڭ جۇڭگو بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى، (ئەگەر شۇنداق مۇناسىۋەت مىلادىنىڭ 166 - يىلىدىن باشلانغان بولسا) رومالىقلارنىڭ سىرىسلار ئېلى بىلەن ئورناتقان يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتىدىن تەخمىنەن 600 يىل كېيىن باشلانغان.

## 3. پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشى

قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن) يىپەكتىن توقۇلغان كىمخاب، شايى، تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ ياۋروپاغا (ئاساسەن روماغا) تارىم ۋادىسىدىكى يىپەك ئېلى (سىرىسلار ئېلى) دىن بارغانلىقى، «يىپەك مەملىكىتى» رىۋايىتىنىڭ يالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە ئىچكى ۋە خەلقئارا سودا ئىشلىرى ئاھالىنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ئىدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە خەلقئارا سودا ناھايىتى كەڭ مىقياستا غۇلاچ يايغان ئىدى. مىلادىنىڭ 624 - يىلى تۇرپان خانلىقى (مىلادىنىڭ 460 - يىلىدىن 640 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى كۆيۈۋىتەيىنىڭ غەربىي تۈرك خاقانى تۇڭ يابغۇ خاقاننىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لىيۇەنگە ئەۋەتكەن سوغا - سالاملار ئىچىدە شەرقىي رومادىن كەلتۈرۈلگەن كۈچۈكلار، قارا تۈلكە موينىسى قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركلەر شەرقىي روما بىلەن قىلغان سودا مۇئامىلىسىدە شەرقىي رومانىڭ نەسىللىك ئىتلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىمۇ بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشاشلا، ئاسىيادىن ياۋروپاغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ماللىرىدىن يىپەك رەختلەر، دورا - دەرمەكلەر، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، تېرىدىن ئىشلەنگەن ماللار ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيتتى.

تۈركلەر يالغۇزلا ياۋروپا بىلەن سودا قىلىپلا قالماستىن، جۇڭگو بىلەنمۇ ناھايىتى كەڭ مىقياستا سودا مۇئامىلىسى ئېلىپ بارغان. تۈرك خاقانلىقى تەركىبىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم خانلىقلىرىدىن سەمەر قەند خانلىقى، بۇخارا خانلىقى قاتارلىق خانلىقلار مىلادىنىڭ 627 - يىلىدىن 647 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە جۇڭگوغا توققۇز قېتىم سودا ئەلچىلىكى ئەۋەتكەن. تۈرك خاقانلىقى تەۋەرىكىدىكى كىرگەن خانلىقلار بىرىم مۇستەقىل ھالدا بولۇپ، بەزى خەلقلەرگە مۇناسىۋەتلەردىكى چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان، تۈرك خاقانلىقىنىڭ رۇخسىتىنى ئالاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركلەر بىلەن ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى، خەلقئارا سودا يولىدا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىش ۋە خەلقئارا يىپەك سودىسىدىن كېلىدىغان پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان. بۇ كۈرەشتە شەرقىي روما بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان تۈركلەر ئۈستۈن چىققان.

ھەر يىلى دېڭىزدەك نەچچە ئون مىليونلىغان رىم تىللاسىغا سېرىسلار ئېلىدىن يىپەك ماللارنى سېتىۋېلىشقا خېلىدىن بېرى چىدىمىغان رىم ھۆكۈمرانلىرى (ئىمپېراتورلىرى) پىلىدىن يىپەك چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لازىم بولىدىغان كىمخاب، شايى، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق يىپەك ماللارنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ توغرىدا يونان ئالىملىرى مەلۇمات بېرىدۇ.

VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان يونان ئالىمى زوناراس «تارىخنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بۇرۇن رومالىقلار يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى. يىپەكنى پىلە قۇرتىنىڭ قىزىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى».

6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان يونان ئالىمى تىئوفانىس، ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىقنىڭ پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنى قاچان، نەدىن، قانداق ھىيلە بىلەن ئوغرىلاپ چىقىپ شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ (مىلادىنىڭ 395 - يىلىدىن 1451 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىمپېراتورى ئۇلۇغ يوستىنيانىنىڭ (مىلادىنىڭ 527 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) شەرقىي روماغا ئېلىپ بارغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي رومالىقلار پىلە قۇرتىنى بېقىپ، يىپەك ماللارنى ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. تىئوفانىس مۇنداق دەپ يازىدۇ:



AltunOq

«ئىمپېراتور يۇستىنيانىڭ ۋاقتىدا ئىرانلىق مەلۇم بىر ئادەم شەرقىي روماغا پىلە بېقىپ، يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شەرقىي روماليقلار پىلە بېقىشنى بىلمەيتتى. ھېلىقى ئىسمى نامەلۇم ئىرانلىق سېرىسلار ئېلىدە (يىپەك ئېلىدە) ئۇزۇن تۇرغان، ئۇ سېرىسلار ئېلىدىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى، يول ماڭغاندا تايىنىدىغان ئىچى كاۋاك ھاسىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن جايلاشتۇرغان. ئاندىن كېيىن پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئەشۇنداق ئۇستىلىق بىلەن شەرقىي روماغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىرانلىق باھار كېلىش بىلەنلا، پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئۈجمە يوپۇرمىقى ئۈستىگە قويغان، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چىققان پىلە قۇرتى يوپۇرماقنى يەپ چوڭ بولۇپ، بىر جۈپ قانات چىقارغان، ئۇچىدىغان بولغان. روماليقلار پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىمپېراتور يۇستىنيان تۈركلەرگە (كونستانتىنوپولغا - ئىستانبۇلغا كەلگەن تۈرك ئەلچىلىرىگە — ئا) روماليقلارنىڭ پىلە بېقىپ، يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتكەندە، تۈركلەر ھاڭ - تاڭ قېلىپ چۆچۈپ كەتكەن.»23

تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدىكى سودا يولى، تۈركلەر ئارقىلىق شەرقىي روماغا ئېلىپ بېرىلىدىغان ماللارنىڭ ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى يىپەك توقۇلمىلىرىنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقى، خوتەننى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يىپەكچىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ دۇنياغا مەشھۇرلىقى، پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنىڭ «يىپەك مەلىكىسى» توغرىسىدىكى رىۋايەت بويىچە، مىلادىنىڭ 440 - يىلى خوتەنگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ يالغانلىقى، پىلە قۇرتى ئۇرۇقىنىڭ سېرىسلار ئېلى (ئاسەن خوتەن) دىن شەرقىي روماغا ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىق راھىب تەرىپىدىن مىلادىنىڭ 550-يىللىرى ئوغرىلىقچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى يۇقىرىدا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتۈم. مېنىڭچە شۇ پاكىتلار يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## ئاخىرقى سۆز

قەدىمكى چاغدىكى ئاسىيادىن ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا سودا يولى، يالغۇزلا ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن ياۋروپادىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە، قىممەتلىك تاۋارلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتە: ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن ياۋروپادىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ شانلىق مەدەنىيەت يارىتىشىدىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تۈرتكىلىك رولىنى ئوينىغان.

خەلقئارا سودا يولىدا، سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر، ساياھەتچىلەر، غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە مۆكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە بولسا، تاجاۋۇزچىلىق

مەقسىدى بىلەن سەپەرۋەر قىلىنغان ئۈمەنلىگەن قوشۇنلارمۇ، سودا ئەلچىسى يــاكى ئاددى سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلارمۇ قــاتناپ تۇراتتى. غەرب بىلەن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەندىن تاشـقىرى مەخپى ئاخبارات يىغىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. بــاشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 550 – يىللىرى ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىقنىڭ ئۆيغۇرلار يۇرتىدىن پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئوغرىلاپ، مەخپى ھالدا شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، يىپەك ئىشلەپچىقىرىشتا ھۆكۈم سۈرگەن نــەچچە مىڭ يىللىق سىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تاشلىغان. شۇ ئىرانلىق پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بېرىشـتىن بۇرۇن شەرقىي روما ئىمپېراتورى ئــۇلۇغ زوستىنىان (مىلادىنىڭ 527 – يىلىدىن 565 – يىلىغىچە ئىمپېراتــور بولغان) بىلــەن شۇ مەسىلە تــوغرىسىدا سۆزلەشكەندە، يوستىنىان،ئەگەر ئىرانلىق راھىب پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى سىرىسلار ئېلىدىن ئوغـرىـلاپ ئېلىپ كېلەلىسە، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىممەت باھالىق ئىنئام بېرىدىغان بولغان.

ئېھتىمال، ئىرانلىق راھىب خىرىستىئىيان مۇرىدى بولغانلىقى، يــوستىنىاندىن ئالىدىغان قىممەت باھالىق ئىنئامغا قىزىققانلىقى ئۈچۈن، سىرىسلار ئېلىدىن پىلە قۇرتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئوغرىلاپ، شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. مانا شۇ ۋەقەدىن تــەخمىنەن 140 يىل بــۇرۇن (مىلادىنىڭ 424 – يىلى) غەربنىڭ سۈزۈك، رەڭــلىك شىشە ياساشتىكى مەخپى سىرىنى ئاق ھون سودىگەرلىرى (ئۇلۇغ ياۋچىلار) جۇڭگوغا بىلدۈرۈپ قويغان. شۇنىڭدىن بــۇرۇن جــۇڭگو رەڭلىك شىشە ياساشنى بىلمەيتتى. ئۇلار رەڭلىك شىشىنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا غــەربتىن (سۈرىيىدىن) سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خــەنسۇلار ئۆزۈدىن بىرى رەڭلىك شىشە ياساشنىڭ سىرىنى غەربتىن بىلىۋېلىشقا ئورۇنۇپ كەلگەن ئىدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش مىلادىنىڭ 424-يىلى ياۋچىـلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلار مۇنداق:

«شىمالىي سۇلالىلار تــارىخى» دىكى خــاتىرىگە ئــاساسلانغاندا، شىمالىي ۋې خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 – يىلىدىن 534 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگــەن) نىڭ خانى توباتاۋنىڭ ۋاقتىدا، (مىلادىنىڭ 424 – يىلىدىن 452 – يىلىغىچە خــان بولغان) مىلادىنىڭ 424 – يىلى ئۇنىڭ پايتەختىگە كــەلگەن ئاق ھون سىزدىگەرلىرى (ئۇلۇغ ياۋچىلار) تــاغدىن رودا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئېرىتىپ رەڭلىك شىشە ياسىغان. بۇ شىشىلەر، غەربنىڭ رەڭــلىك شىشىلىرىدىنمۇ پاقىراق، چىرايــلىق چىققان. بۇنداق رەڭلىك شىشىنى كۆرگەنلەر ھــەيران قېلىشىپ، ئىلاھىي شىشىلەر، دېيىشكەن. ئــاق ھون سودىگەرلىرى رەڭلىك شىشە ياساشنى خەنسۇلارغا ئۆگەتكەن.

شۇندىن باشلاپ، سۈرىيە، يۇنانلىقلارنىڭ رەڭلىك شىشىنى مونوپوللىيە قىلىۋې

لىش ھوقۇقى پاچاقلىنىپ كەتكەن. قەدىمكى تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلىغاندا، بىرەر مەملىكەت ياكى خەلقنىڭ ئىجاد قىلغان بىر خىل تېخنىكىسى غەرب ئەللىرىدە پۈتۈنلەي، قەتئىي مەخپىي ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، توباتاۋ شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى داتۇڭغا كەلگەن ئاق ھون سودىگەرلىرىنىڭ رەڭلىك شىشە ياساش تېخنىكىسىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەگەر ئەھۋال بىزنىڭ قىياس قىلغىنىمىزدەك بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا توباتاۋ ئاق ھون سودىگەرلىرىگە نىسبەتەن بېسىم كۈچى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى رەڭلىك شىشە ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە مەجبۇرلىغان ياكى ناھايىتى يۇقىرى باھالىق بەدەل بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئۇلارنى ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرانلىق راھىب بىلەن ئاق ھون (مىلادىنىڭ 420 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سودىگەرلىرى ماددىي مەدەنىيەت ئىچىدە ناھايىتى ئەسىل، قىممەتلىك بولغان يىپەك بىلەن رەڭلىك شىشىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغانلارغا مەلۇم قىلىپ قويغان مەدەنىيەت ئوغرىلىرى — جاسۇسلىرى بولسىمۇ، مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلار شەرقىي روما بىلەن جۇڭگونىڭ ماددىي - مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

خەنسۇلار ئۇيغۇرلاردىن ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەتكە دائىر نۇرغۇن ئەسىل، قىممەتلىك بايلىقلارغا ئىگە بولغان. جاڭچيەن مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ قايتىدىغان چاغدا، ئۇ، ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن ئۈزۈم، بېدە ئېلىپ كەتكەن، ئۈزۈم بىلەن بېدە پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ ناھايىتى قەدىرلەپ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشكەن. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۈزۈملۈك باغلار، بېدىلىكلەر پەيدا بولغان. بولۇپمۇ بېدە ئاتنىڭ ئاساسلىق يەم - خەشەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئات ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى، شۇ چاغدا خەن ۋۇدى ھونلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشلاردا ئاتلىق قوشۇننىڭ بەكمۇ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ جەڭ ئاتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىدى. جاڭچيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىشىدا، ئۈزۈم بىلەن بېدىدىن باشقا يەنە، زىغىر، قارا مۇچ، پىياز، تۇرۇپ، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەشۇ نەرسىلەر جۇڭگونىڭ زېمىنىدا تېرىلىشقا باشلىغان. دەل شۇ چاغدا ياڭاق بىلەن ئانار كۆچىتىمۇ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن ئىچكىرىگە كەلتۈرۈلگەن.

خەنسۇلار مىلادىنىڭ V ئەسىرگىچە پاختىدىن رەخت ئىشلەپچىقىرىشنى بىلمەيتتى. پەقەت V ئەسىردىلا كېۋەز ئۇرۇقى (چىگىت) تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كەلتۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رولگەندىن كېيىنلا پـﺎختا رەخت ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان. ئۇنىڭغىچە خەنسۇلار پاختا رەختلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن ئېلىپ كېلەتتى.

قەدىمكى چاغلاردا، قوشقاۋ، پىپا، بالابان قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئىراندىن جۇڭگوغا كىرگەن بولسا، داپ، ناغرا، نەي، سۇناي قـﺎتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئۇيغۇرلاردىن) كىرگەن، بولۇپمۇ سۇي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جۇڭگو مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قـوشقان. مىلادىنىڭ 579 - يىلـﻰ كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ بىكە (مەلىكە) لىرىدىن ئاسىنا بىكە، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى جۇشۈەندىغا ياتلىق قىلىنغاندا، تۈرك خاقانلىقىنىڭ پـﺎيتەختى ئـوتوكۈندىن چاڭئەنگە (شىئەنگە) ئاسىنا بىكە بىلەن بىللە سۇجاۋا ئاتلىق مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازى كـﻪلگەن، ئۇ كۇچالىق بولۇپ، سۇي سۇلالىسى ۋاقتىدا چاڭئەندە ئۇزۇن مۇددەت تـﯘرغان. سۇجاۋا شۇ مەزگىلدە، جۇڭگو مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بەكمۇ تۆۋەن، نامراتلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش، ئۇنىڭ سەنئىتىنى نـﺎھايىتى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان توققۇز يۈرۈش مۇزىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - كۇچا مۇزىكىسى
2 - قەشقەر مۇزىكىسى
3 - بۇخارا مۇزىكىسى
4 - سەمەر قەندمۇزىكىسى
5 - غەربىي لىياڭ مۇزىكىسى
6 - ھىندى مۇزىكىسى
7 - كـﯘرىيە مۇزىكىسى
8 - چىڭ مۇزىكىسى
9 - لىخۇا مۇزىكىسى

بۇنىڭ ئىچىدە، چىڭ مۇزىكىسى بىلەن لىخۇا مۇزىكىسى جۇڭگونىڭ ئـﻪنئەنىۋى مۇزىكىسى ئىدى. بۇندىن باشقا يـﻪتتە خىل مۇزىكىنىڭ ئىچىدىن ھىندى مۇزىكىسى بىلەن كـﯘرىيە مۇزىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بەش خىل مـﯘزىكا كۇچا مۇزىكىسىنى ئاساس قىلغان ئـﯘيغۇرمۇزىكىسى ئىدى. سۇجـﺎۋا، پىپا چېلىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، شۇ چاغدا جۇڭگودىن ئـﯘنىڭغا تەڭ كەلگىدەك بىرەر مۇزىكانت چىققان ئەمەس. شۇڭا ئۇ، مۇزىكا ئۇستازى دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان.

جۇڭگو، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇجاۋا يارىتىپ بەرگەن توققۇز يۈرۈش مۇزىكا سىستېمىسى ئاساسىدا 640 - يىلى ئون يۈرۈش مۇزىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - كۇچا مۇزىكىسى
2 - قەشقەر مۇزىكىسى
3 - تۇرپان مۇزىكىسى
4 - غەربىي لىياڭ مۇزىكىسى

5 - بۇخارا مۇزىكىسى

6 - سەمەرقەند مۇزىكىسى

7 - كامبودژا مۇزىكىسى

8 - كۇرىيە مۇزىكىسى

9 - يەن مۇزىكىسى

10 - چىڭ شاڭ مۇزىكىسى

مانا شۇ ئون يەرلىك مۇزىكا سىستېمىسى ئىچىدە ئالتە خىل مۇزىكا (بۇنىڭغا تۇرپان مۇزىكىسى قوشۇلغان) كۇچا مۇزىكىسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى غەربىي لىياڭ مۇزىكىسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدە خەنزۇ مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان هون مۇزىكىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى كۇچا ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي ھەيكەلتاراشلىق بىلەن رەسساملىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا سەنئىتىمۇ (ئاساسەن ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق) خەنزۇلارنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلغان. بۇنىڭغا دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيىدىكى ھەيكەللەر، تام سىزما رەسىملىرى ئىسپات بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خوتەنلىك ئۇيغۇر رەسسامى يۈچىزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىئەنگە كېلىپ ساكيامۇنىنىڭ تېپىك سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەن. جۇڭگو رەسساملىرى بۇددا رەسساملىقىدىكى رەسىم سىزىش سەنئىتىنى ۋە غەرب ئەللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ رەسىمىنى سىزىش سەنئىتىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. چۈنكى، يۈچىزىلىق رەسساملىقتا (غەرب ئۇسلۇبىدىكى رەسساملىقتا) تەڭدىشى يوق رەسسام ئىدى.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ (پەلسەپە بىلەن ئەدەبىياتنىڭ) بېيىشى ۋە يۈكسىلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىدىن ئاجرىتىپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ جۇڭگوغا تارقىلىشىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتقان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر بۇددىست راھىبلار II ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەن. بۇنىڭغا كۈچلۈك ئۇلۇغ بۇددىست پەيلاسوپ ۋە مەشھۇر تەرجىمان، شائىر كۇماراجىۋانى مىسال كەلتۈرۈش يېتەرلىك.

كۇماراجىۋا (مىلادىنىڭ 344 - يىلى تۇغۇلۇپ 431 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، كىچىك ۋاقتىدا، دادىسىغا ئەگىشىپ، ھىندىستانغا بارغان. ئۇ ھىندىستاندا كۆپ يىللار تۇرۇپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. شۇ چاغلاردا، بۇددىزم تەلىماتىدا، ماخىيانا ۋە خىنايانا، دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئىككى مەزھەپ - ئىككى ئېقىم بار ئىدى. كۇماراجىۋا بۇ ئىككى چوڭ مەزھەپ ئىچىدىن خىنايانا مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، قەشقەردە سۈرى ئاسۇما



AltunOq

ئاتلىق بىر بۇددا راھىبىغا يولۇققان ۋە ئۇنىڭدىن ماخىيانا مەزھىپىنى ئۆگىنىپ، بورۇن قوبۇل قىلغان خىنايانا مەزھىپىدىن ۋاز كەچكەن. كوماراجىۋا قەشقەردىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا كەلگەندە، ئاجايىپ بىر راھىبقا يولۇققان. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق راھىب دەپ ھېسابلاپ، ھەممىشە ماختىنىپ، «ئەگەر بۇددا ئەقىدىلىرى بويىچە بىرەر كىشى مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، مېنى يېڭەلىگەن بولسا، ئۇنداق كىشىگە بېشىمنى كېسىپ بېرىمەن» دەيدىكەن. كوماراجىۋا، شۇ راھىب بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنى يېڭىپ قويىدۇ. بۇ ۋەقە، غەربىتىكى بۇددا دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. كوماراجىۋانىڭ داڭقى غەرب ئەللىرىگە تارقىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كۇچا خانى ناھايىتى چوڭ پەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا كېلىپ، كوماراجىۋانىڭ ئالدىغا ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇنى ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن كۇچاغا ئېلىپ كېتىدۇ. كوماراجىۋانى كۇچا دۆلىتىنىڭ پىرى - ئۇستازى دەپ جاكالايدۇ.

تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغاندەك، كوماراجىۋا مەلۇم سەۋەبلەرگە كۆرە، مىلادىنىڭ 385 يىلى ھازىرقى گەنسۇنىڭ ئۇۋۇيغا كەلگەن. ئۇ شۇ جايدا 15 يىل تۇرغان. كوماراجىۋا مانا شۇ مەزگىلدە، خەنزۇ يېزىقىنى (تىلىنى) پۇختا، مۇكەممەل، ئۆگەنگەن.

شۇ چاغلاردا، جۇڭگو تارىخىدا «ئىككى جىن سۇلالىسى» بىلەن «شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرى» دەپ ئاتالغان ناھايىتى قالايمىقان (ئاساسەن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى) بىر دەۋر ئىدى. جۇڭگودىكى بەزى خانلىقلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى، بۇددا دىنىنىڭ نادان، ساددا خەلقلەرنى ئاسانلا ئالداپ كېتەلەيدىغان پاسسىپ ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە قارشى چىقمايدىغان يۇۋاش پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھېچ نەرسىگە قارىماي بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىدى. بۇددا دىنىغا كۈچلۈك تەرەپدار بولغان كېيىنكى چىن خانلىقى (384 — 417) نىڭ خانى ياۋشىن (مىلادىنىڭ 394 - يىلىدىن 415 - يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 401 - يىلى كوماراجىۋانى تەكلىپ قىلىپ شىئەنگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى دۆلىتىنىڭ پىرى ئۇستازى دەپ جاكالىغان. ياۋشىننىڭ يارىتىپ بەرگەن كەڭ ئىمكانىيىتىدىن پايدىلانغان كوماراجىۋا، شىئەندىكى مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرىدە، 3000 شاگىرتقا بۇددا ئەقىدىلىرىدىن دەرس بەرگەن. ياۋشىنمۇ دائىما ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان. كېيىنكى چاغلارغا كېلىپ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىر نەچچىسى «دانىشمەن - ئەۋلىيا» دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

كوماراجىۋا شىئەندە بىزدا ئەقىدىلىرىدىن دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى، بىزدا نومىلادىن 384 جىلدلىق 74 پارچە كىتابىنى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇندىن باشقا بەدىئىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بۇددا رىۋايەتلىرىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تىلى بەكمۇ راۋان، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپمۇ، چۈشىنىشلىك بولغان.

كوماراجىۋانىڭ دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيىتى، جۇڭگو بۇددىزىم پەلسەپىسىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئۇلۇغ بۇددىست پەيلاسوپ، داڭلىق تەرجىمان، تالانتلىق شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ، XV ئەسىرگىچە (ئۇلۇغ ساياھەتچى ماگىلان غەرب بىلەن شەرق ۋە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى دېڭىز ئوكيان يولىنى ئاچقۇچە ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى (ئاتالمىش يىپەك يولى) يالغۇزلا غەرب بىلەن شەرق ئەللىرى ئارىسىدىكى سودا ئارقىلىق ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش يولى بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا، شانلىق، يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىشتا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان. بولۇپمۇ بۇ ئۇلۇغ تارىخىي مۆجىزە يارىتىشتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئاساسىي (ئۆگىنىش ۋە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە) رولىنى ئوينىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز تارىخىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان قەدىمكى باسقۇچلىرىدا، ئىران ئەخەمانىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، گىرېك باكتىرىيە پادىشاھلىقى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن). ياۋچىلار دۆلىتى بولغان توخارىستان (مىلادىدىن 150 بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، كوشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاق ھون ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 420 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى چاغدىكى شانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا قاتناشقان بولسا، تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدىكى ناھايىتى يۈكسەك مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۈرك خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

### A. رىۋايەت بويىچە

ئەل خان

قاي (تۈغقىنى) ئۇغۇز توققۇز (ئوغلى) ئۇغۇز

؟!

ئاپابەگ — ئەل كەل ئەشاتور

دۇر تۈرك شاد

دۇر تۈرك شاد

ئاشىنا بەلگە شاد

(بۇ تۈركلەرنىڭ 440 - يىللىرىدىكى خانى بولۇشى مۇمكىن)

چوڭ يابغۇ تۇرۇم

(بۇ تۈركلەرنىڭ 535 - يىلدىكى خانى ئىدى)

### B هەقىقى تارىخىي پاكىتلار بويىچە

1. چوڭ يابغۇ تۇرۇم (535 — ؟)

2 - تۇمەنخان

(بۇ چوڭ يابغۇ تۇرۇمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ 535 - يىلدىن 551 - يىلغىچە تۈركلەرنىڭ خانى، 551 - يىلدىن 553 - يىلغىچە كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ خاقانى بولغان)

3 - مۇقان خاقان 553 — 576

5 - تاۋار خاقان 676 — 581

5 - ساۋارلو (باغائىشبارا) خاقان 581 — 587

6 - چور باغا خاقان 587 — 588

7 - تۇككا تۇران خاقان 588 — 600

### غەربىي تۈرك خاقانلىرى

1 - كىيمىن تىزى خاقان 603 — 609

| | |
|---|---|
| 2- سىۋار خاقان | 609 — 619 |
| 3 - چولوك خاقان | 619 — 621 |
| 4 - قارا خاقان | 621 — 630 |
| 5 - سىربا خاقان | 630 — 646 |
| 6 - چىبى خاقان | 646 — 647 |
| 7 - ئىبى تولو خاقان | 647 — 653 |
| 8 - چىنجو يابغۇ خاقان | 653 — 659 |
| 9- ئىچىنى تورچى خاقان | 659 — 676 |
| 10 - توچى خاقان | 676 — 678 |
| 11 - ئىچىنى كورپور چور خاقان | 678 — 682 |
| 12 - ئىلتىرىش قۇتلۇق خاقان | 682 — 692 |
| 13 - قاپاغان خاقان | 692 — 716 |
| 14 - بىلگە خاقان | 716 — 734 |
| 15 - ئاسىنا بىلگە خاقان | 734 — 739 |
| 16 - بىلگە قۇتلۇق خاقان | 739 — 741 |
| 17 - ئىنگى خاقان | 741 — 742 |
| 18 - سۈيىن خاقان | 742 — 742 |
| 19 - ئۆزمىش خاقان | 742 — 744 |
| 20 - بولمىش خاقان | 744 — 745 |

682 - يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈرك شاھزادىسى ئاشىنا قۇتلۇق ئىسيان كۆتىرىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى تولۇق ئەسلى ھالىغا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر ئاشىنا قۇتلۇق ئىلتىرىش قۇتلۇق خاقان (ئەلنى تىرىلدۈرگۈچى قۇتلۇق خاقان) ئۇنۋانىنى بەرگەن.

غەربىي تۈرك خاقانلىرى

| | |
|---|---|
| 1 - ئىستىمى خاقان | 552 — 576 |
| 2 - بىلگە تاردو خاقان | 576 — 603 |

چوڭ يابغۇ تۇرۇمىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىستىمى خان مىلادىنىڭ 552 - يىلى ئۇلۇغ كۆك تۈرك خاقانلىقى قۇرۇلغاندا، ئۇلۇغ خاقان تۇمەنخاننىڭ (ئاكىسى) تەيىنلىشى بىلەن كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا يابغۇ ئۇنۋانىدا ھۆكۈمران بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى بىلگە تاردو خاقانمۇ ئاتىسى ئىستىمىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلۇغ خاقان تاۋار خاننىڭ تەيىنلىشى بىلەن تاردو يابغۇ (غەربىي يابغۇ) بولغان. لېكىن ئىستىمى يابغۇ بىلەن تاردو يابغۇ گەرچە كۆك تۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمرانلاردىن بولسىمۇ، تارىختا ئۇلارنىڭ ئوينىغان رولىغا

قاراپ، ئۇلارنىمۇ ئۇلۇغ خاقانلا قاتارىغا قويىدۇ.

3- ئاپا خاقان 576—593

4- ئىنال خاقان 593—600

5- چولو خاقان 600—611

6- شىخوي خاقان 611—618

7- تون يابغۇ خاقان 618—630

8- باغاتور سىۋار خاقان 630—631

9- سى يابغۇ خاقان 631—633

10- باغاشا تولو خاقان 633—634

11- ئىشپارا تېرىش توڭگا خاقان 634—639

12- باغاتور ئىبى خاقان 639—640

13- ئىبى تولو خاقان 638—653

14- ئىبى ئىشپارا يابغۇ خاقان 640—642

15- ئىبى شاد كوي خاقان 645—649

16- ئۇلۇغ ئىشپارا خاقان 651—658

17- چىنچو يابغۇ خاقان 653—659

18- ئىچىنى تورچى خاقان 670—779

19- ئىچىنى كۇرفورچور خاقان 679—682

20- ئىچىنى تويچا خاقان 682—700

21- ئوجىلى 700—706

22- سوگو خاقان 706—711

23- سۇلۇ خاقان 711—738

24- توقسىن خاقان 738—739

25- باغاتارقان خاقان 739—742

26- ئىل ئىتمىش قۇتلۇق بىلگە خاقان 742—753

27- تەڭرى بولمىش خاقان 753—766

---

ئىزاھات:

① يىلماز ئوز تونا: «تۈركىيە ئومۇمىي تارىخى» تۈركچە، 1- توم 85 - بەت.

②③ مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 450 -، 449 -، 451 - بەتلەر.

④⑤⑥ «ئۆز بېگىستان س س ر تارىخى» ئۆز بېكچە، 147، 148- بەتلەر

⑦ «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» خەنزۇچە، 67 - جىلد.

⑧ «ئۇلۇغ تالقدەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە، 302 - 301 - بەتلەر.

⑨ قەدىمكى چاغلاردا رىماللىقلار ئاسىيادىكى شىمالدا ياشىغان خەلقلەرنى «سىتىيىلىكلەر» دەپ ئاتىغان.

⑩⑪⑭⑯⑰⑱⑮㉓㉔ «جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» خەنزۇچە، 1 - كىتاپ، 31- 30-، 32-، 34-، 54-، 54-، 70-، 59-، 70-، 77-، 77-، 77-، بەتلەر.

⑫ بەنگۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» خەنزۇچە، 2 - جىلد، 96 - بەت.

⑬ «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»

⑮ ئىماۋىن تېغى - ھازىرقى پامىر تېغى.

⑳㉑ «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار»، ئۇيغۇرچە، 26-، 40 - بەتلەر.

㉒ بەنگۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە».

# ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

خېۋىر تۆمۈر

## 1. ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا يېزىشنىڭ زۆرۈرلىكى

1931-يىلىدىن 1935-يىلىغىچە داۋام قىلغان قىزىل دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى پارلاق بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا قارشى جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلغان شانلىق بىر تارىخ شۇنداقلا بىر ھېسابتا غەلىبە قازىنىپ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قانلىق بىر تارىخ. غەلىبە شۇ بولدىكى، بۇ ئىنقىلاب ئىلگىرىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ چىرىكلەشكەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ جەمئىيەتنى تەرەققىياتقا باشلاپ ماڭدى. خەلقنى جاھالەت-نادانلىقتىن ئويغىتىپ مەدەنىيەت-مەرىپەت يولىغا باشلىدى؛ مەغلۇبىيەت شۇ بولدىكى: قانلىق كۆرەشلەر قىلىپ قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىنقىلاب مېۋىسى جاللات شىڭ شىسەيگە تارتتۇرۇپ قويۇلدى.

مەنىڭچە ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان بۇ تارىخىي مەغلۇبىيەتنى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار كاساپىتىدىن بولغان دەپ خۇلاسىلاشقان بولىمىز. ئىچكى ئامىللار يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ئۆزىمىزنىڭ نادانلىقى ۋە ئىتتىپاقسىزلىقىمىز؛ ئىككىنچىسى قارا نىيەت ماجۇڭيىڭنىڭ بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزگە ئارىلاشقانلىقىدىن ئىبارەت.

چۈنكى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا ئاساسەن ئىككى تۈپ مەقسەت بىلەن چىققان: ئۇنىڭ بىرىنچى مەقسىتى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش يولى بىلەن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ شىنجاڭدىن ئىبارەت كەڭ زېمىنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش؛ ئىككىنچىسى ئەگەر يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتەلمىسە، شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ يۈرگۈزۈپ، بايلىق توپلاپ، يەنە ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىشتىن ئىبارەت. دېمەك ئۇ، شىنجاڭغا ھەر مىل-

www.uyghurkitap.com

لەت خەلقىنىڭ مىللىي ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە چىققان ئەمەس. بەلكى مىللىي ئىنقىلابىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يــاۋۇز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن چىققان. ئۇنىڭ شىنجاڭدا قــىلغان — ئەتكەن ئىشلىرى يۇقىرىقى قارا نىيىتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى نىيىتى بۇزۇقنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگەندەك مــاجۇڭيىڭ چــىقىپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىپ—بۇزغۇنچىلىق سېلىش نەتىجىسىدە قۇربان بېرىشلەربە- دىلىگە قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب مېۋىمىزنى بىزگىمۇ يوق، ئۆزىگىمۇ يوق قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بىزنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى شۇنداقلا ئۆزىمۇ ھالاك بولدى.

دېمەك ئۇنىڭ بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابى ھەرىكىتىمىزگە سالغان زىيانكەشلىــ كى ئىنتايىن ئېغىر. قىلغان ئىشلىرى ئىنتايىن قەبىھ ۋە پــاجىئەلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا يېزىش ئالاھىدە زۆرۈردۇر.

## 2. ماجۇڭيىڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گەنسۇ ئۆلكىسى مــونگو يېزىسىدىن بولۇپ، مىلىتارىست مابۇفاڭ بىلەن ئاتاجەمەت تۇغقان. ئۇنىڭ ئاتىسىماباۋ نىڭخەي ئارمىيىسى ئاتلىق 11—باتالىيون كوماندىرى (يىڭجاڭ) ئىدى. ماباۋ كېسەل بولۇپ خىجىلدا داۋالىنىۋاتقاندا ماجۇڭيىڭ گەرچە 17 ياشتا بولسىمۇ ئاتىسىنىڭ ئــورنىغا مۇۋەققەت يىڭجاڭ بولىدۇ. كــىچىكىدىن گازارمىدا ئــەسكەرلەر ئــارىسىدا چوڭ بولغان ماجۇڭيىڭ مىلتىق ئېتىش، قىلىچۋازلىق قىلىش، ئاتلىق مەشق قىلىشتەك ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ، خاراكتېرجەھەتتە قورقماس، جەڭگىۋارلىك، قارام ئادەم بولۇپ ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلغان ئىش— ھەرىكەتلىرى 1928—يىلىدىن باشــ لىنىدۇ. 17 يېشىدا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا يــىڭجاڭ بولغاندىن كــېيىن ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىش قىلىپ نام چــىقىــرىش قــارا نىيىتى پــەيدا بولىدۇ. ئەمما مابۇچىڭ، مابۇفاڭلار ئۇنىڭ بىردىنبىر رەقىبى ئىدى.ماجۇڭيىڭغا ھەر جــەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىپ يول بەرمەيتتى. ئۇلار ئاتىسىغا تــايىنىپ قــوراللىنىڭ خىلىنى، ئاتىنىڭ ياخشىسىنى ئېلىپ ماجۇڭيىڭنى كۈچ جەھەتتە سۇندۇرۇپ، پاسسىپ ناچار ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىگە خــورلۇق ھېس قــىلغان ماجۇڭيىڭ، ئۆز ئالدىغا بىرەر ئىش قــىلىش ئــارقىلىق رەقىبلىرىنى سۇندۇرۇپ ئۈستۈنلۈك ئېلىش ئۈچۈن ماتىڭ، مــاخۇسەن قاتارلىق 7 كىشى بىر گۇرۇھ ئۇيۇشتۇر- رۇپ ئــىش بــاشلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار ھەر خىل چارە—تەدبىرلەرنى قــوللىنىپ، مىلىتارىستلارنىڭ گەنسۇ رايونىدا باشباشتاقلىق بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ،

خەلقنى دەھشەتلىك ئېزىپ، بالايى-ئاپەتكە دۇچار قىلغان ۋەزىيەتتىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، پۇرسەت بولسىلا كۈچ توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىر قانچە يىل ئۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى غايىسى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىن بىرەرسىنى ياكى بىرەر رايوننى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا بۆلۈنمە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ باش كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇ-رۇش داۋامىدا ماجۇڭيىڭ يۇرت-يۇرتلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ نۇرغۇن قان تۆكتى ۋە قىرغىن بولۇشقا سەۋەب بولدى. ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كۆ-رەش نىشانىسىنى دۆلەت ئارمىيىسىگە (گومىنداڭ ئارمىيىسىگە) قارشى ئۇرۇش دەپ جار سالغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە مىللەتلەر ئارا ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا گاھى غەلىبە قىلىپ ئۇلغايدى، گاھى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بارار جايىنى تاپالماي قالدى. بىر مەزگىل جىياڭ گەيشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەلۇم قىسىمدا ھەربىي مۇشاۋىر بولۇپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. لېكىن ئۇ ئەسكەرسىز قۇرۇق مۇشاۋىرلىقتىن گەنسۇغا قايتىپ كونا قو-شۇنلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، ئەمەلىي كۈچ توپلاپ بىرەر ئىش قىلىشنى ئويلاپ گەنسۇغا قايتىپ كەلدى ۋە كونا قوشۇنلىرىنى توپلاپ شۈيجۇدىكى 7 ناھىيە، گەنشۈيدىكى 4 ناھىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر ئۆلكە قۇرماقچى بولدى. خېشى رايونىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەستىن ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مابۇفاڭ ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ رايوندا پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزىگە بولغان تەھدىت دەپ ھېسابلاپ، پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ ماجۇڭيىڭنى يوقۇتۇشقا ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي ھوجۇمغا تاقابىل تۇرالمىغان ماجۇڭيىڭ قېچىپ جىيايۈگۈەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىيايۈگۈەندىن كىرىش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ماجۇڭيىڭغا تار-قىلىپ كېتىش ياكى غەربكە سىلجىپ شىنجاڭغا چىقىشتىن باشقا يول قالمىغان ئىدى.

دەل شۇ چاغدا قومۇلدا دېھقانلار ئىنقىلابىي قوزغىلىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەش بولۇۋاتاتتى.

## 3. ماجۇڭيىڭنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا چىقىشى

ماجۇڭيىڭ تۇنجى قېتىمدا، 1931-يىلى 5-ئايدا شىنجاڭغا چىقتى. بۇ چاغدا قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىي قوزغىلىڭىغا بىر قانچە ئاي بولغان ئىدى. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىمەن دەپ 36-دىۋىزىيە نامى بىلەن چىققان ماجۇڭيىڭنىڭ ئەمەلىي ئادەم كۈچى 5-6 يۈزگە، قورال سانى 90 نەچچە تالغا يېتەتتى. كۆپ قىسمى قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغان بۇ قوشۇننى ئۇ ئۈچ زوڭدۈيگە (كالونناغا) ئايرىپ قوماندانلارنى ئالاھىدە تەيىنلىدى. ئۆز ئىنىسى ماجۇڭجې

پىيادە ئەسكەرلەر قىسمىدا باشلىق بولدى، بۇ قىسمىدا 200 گە يېقىن پىيادە ئەسكەر بارئىدى. تۆرۈق ئاتلىقلار دەپ ئاتالغان زۇڭدۇيدە يۈز ئاتلىقتىن ئارتۇق ئەسكەر بولغانىدىن تاشقىرى قالغان قىسىملار 30—40 ئاتلىق ئەسكەردىنلا ئىبارەتئىدى. گەرچە بۇلاردا ئادەم ئاز، قورال ناچار بولسىمۇ جەڭگىۋار روھى ئۈستۈن ئىدى. شۈيجۇدىن چىقىپ 20 نەچچە كۈن يول يۈرۈپ كەلگەن بۇ قىسىم شىڭشىڭشىيادا بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ كۆپلىگەن غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى. ئاندىن قۇمۇل شەھىرىگە يۈرۈش قىلىپ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ھوجۇم قىلدى. قۇمۇل شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت ئەسكىرى سان جەھەتتە كۆپ، قورال-ياراغلىرى خىل بولغاچقا شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ ماجۇڭيىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ باركۆلگە ھۇجۇم قىلدى. باركۆل ئۇرۇشىدا ماجۇڭيىڭ غەلىبە قازاندى. ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى تۈەنجاڭ خې جىڭشىڭ باشلامچىلىقىدا ماجۇڭيىڭغا تەسلىم بولدى. جىمالىڭلىياڭچىڭ دېگەن تۈەنجاڭ ئۆزىنى — ئۆزى ئېتىۋالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ماجۇڭيىڭغا ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ كۆپلىگەن ياخشى قوراللارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەسىر چۈشكەن ۋە تەسلىم بولغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ ئادەم سانىنى كۆپەيتتى. باركۆل ئۇرۇشىدىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ قۇمۇل ئۇرۇشىغا قاتناشتى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىكتە شەھەرگە ھوجۇم قىلىپ سېپىلنىڭ قانچە يېرىنى پارتىلىتىپ ئەجەللىك ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەنلىكتىن شەھەرنى ئىشغال قىلالمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇرۇمچى تەرەپتىن قوماندان لۇشياۋزۇ (جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئىدى)، سەنمىزجاڭ شىڭشىيەنىڭ قوماندانلىقىدا يارىدەمگە ئەسكەر كېلىۋاتقانلىقى، يارىدەمچى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى دوگوجىڭ بىرىگادىسى لودۇڭغا (خەنزۇچە — لياۋدۇڭ) يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلىدى. ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى بىرلىكتە لودۇڭغا بېرىپ دوگوجىڭ بىرىگادىسى بىلەن بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. دوگوجىڭ ئۆزىنى—ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرۋالدى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۈيجۇغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى لودۇڭدا قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنى ئاچكۆزلەرچە ئولجا قىلىپ ئات تۆگىلەرگە ئارتىپ شۈيجۇ تەرەپكە يولغا سالدى. ئۇلارنىڭ ئولجا ئېلىش

ۋاقىتتىكى ئاچكۆزلىكلىرى ۋە يولسىزلىقلىرى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ نارازىلىقىنى تۇنجى قەدەمدە ئەنە شۇ يەردە قوزغايدۇ. ماجۇڭيىڭ قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن ماشىمىڭ ئەسكىرىلىك بىرىسى 20 نەچچە ئادەم بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا قالدى.

## 4. قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇرپان رايونىغا كېڭىيىشى

ماجۇڭيىڭ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قىزىل تاغلىرىدىكى ئۇرۇش بىر يىل-دىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇ ئارىلىقتا جىن شۇرىن ھۆكۈمىتى بەش قېتىم قوماندان يۆتكىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا شېڭ شىسەينى باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ، 8 مىڭ كىشىلىككە يېقىن قوراللىق قىسىمنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. شېڭ شىسەي 1932-يىلىنىڭ 8-ئايىدا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يازلىق ھۇجۇم قىشلىق ھۇجۇمدىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانى تۈزدى. يازلىق ھۇجۇمدا ئاساسەن شەرقىي تاغدا تۇرۇۋاتقان يولۋاس قىسىملىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى گەنسۇ چېگرىسىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا قىشلىق ھۇجۇم قوزغاپ غەربىي تاغدا تۇرۇۋاتقان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ماشىمىڭ ۋە تۇرسۇن بۈزۈك دېگەنلەر 30—40 ئاتلىقچە ئادەمنى باشلاپ تاغ يولى بىلەن پىچانغا چىقىدۇ. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى چىقتى دەپ گەپ تارقىتىپ خەلقنى قوزغاپ پىچانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. پىچانغا خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇرپان خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، قوزغىلاڭنى ئاستانىدىن باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ 1933-يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ قوزغىلاڭ تۇرپان، كورلا، كۇچا، ئاقسۇغىچە كېڭىيىدۇ. شۇ يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنى خوتەندىن قاردىقاشتىمۇ قوزغىلاڭ باشلىنىپ پۈتۈن خوتەن رايونىنى قاپلايدۇ.

پىچاندا ئۇرۇش قوزغىغان ماشىمىڭ تۇرپان ئۇرۇشىدا تەسلىم بولغان ماجۇڭمىن (مادا خەزىنە دەپمۇ ئاتىلاتتى) نىڭ بىرلەي ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ ناھايىتى چاپسانلا كۈچ توپلىۋالدى. كېيىن تۇرپان رايونىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قومۇل تەرەپتىن شېڭ شىسەي 4 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ كەلگەندە ماشىمىڭ ئۇرۇش قىلماستىن قول ئاستىدىكى ئاساسىي كۈچلەرنى باشلاپ قاراشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇ يەردە يەنە خۇيزۇلارنى قوزغاپ ئەسكەر سانىنى كۆپەيتتى. 36-دىۋىزىيەنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ كۆپلىگەن كىشىلەرگە تۇەنجاڭ، لىيەنجاڭ، زىخزى دەپ ئۇنۋان بېرىپ، تەرەپ-تەرەپكە ماڭدۇردى. مەسىلەن: كۇچار رايونىدىكى


AltunOq

ۋوزغىلاڭغا ياردەم قىلىدۇ دەپ ئېيتقان مالۈيجاڭ (ساقاللىق تۇڭگان دەپمۇ ئاتىلاتتى) كامازا، ماجەنساڭ دېگەنلەر ماشىمىڭنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۈرۈمچى نەنسەندە تۇرۇۋېلىپ ئۈرۈمچىگە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ تەھدىت سالغان ماۋەنلۇ، مادىشىياڭ دېگەنلەرمۇ ماشىمىڭنىڭ ئادەملىرىدىن ئىدى. ئەمەلىيەتتە 1933-يىلى 1-ئايدىن 4-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ماشىمىڭ تەييارلاپ تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتكەن تۇڭگان -لۈيجاڭلار شۇ ئايلاردا تىنىمسىز ھاشارەتلەردەك كۆپىيىپ دېمەك مۇبالىغە بولمايتتى. مەسىلەن: مادىشىياڭ ئەسلىدە ماشىمىڭ بىلەن بىللە چىققان خىزمەتچى ئەسكەر، 2-ئايدا ماجۇڭدالىڭغا دەھرەم (فۇگۇەن) بولۇپ نەنسەنگە بىللە بارغان. كېيىن بىردىنلا لۈيجاڭ بولۇپ تەيىنلەنگەن. دېمەك تۇڭگانچە لۈيجاڭ بولۇش ئىنتايىن تېز ھەم ئاسان ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتىمۇ ئىنتايىن بولدى. مەسىلەن: ماجەنساڭ، مالۈيجاڭ، كامازا، سەنلۈيجاڭ ۋە باشقىلار. بۇلار دەسلەپتە 10—20 ئادەم بىلەن ھەرىكەت باشلىغان بولسا، بىر ئىككى ئايغا بارمايلا دېمەك — ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ كېتەتتى. تۆدەر سىنجاڭ بىلەن قەشقەرگە بىللە بارغان ماجەنساڭ دەسلەپتىكى بىر ئىككى يۈز كىشىدىن كۆپىيىپ 2—3 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، ئايرىم كۈچ ھالەتتە قەشقەر يېڭى شەھەردە تۇرغان ئىدى.

## 5. ماجوڭيىڭنىڭ 2-قېتىم شىنجاڭغا چىقىشى

ماجوڭيىڭ شۈيجۇدا ئەسكەر رەتلەپ رەسمىي 36-دىۋىزىيە بولۇپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئۆز ئىنىسى ماجوڭجې، ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن، مارۇلۇڭ، ماسىڭگۇي، ماخىيىڭ، ماشىشۇن، ماجەنلىنىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە 4 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن باشلاپ 1933-يىلى 5-ئايدا 2-قېتىم شىنجاڭغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە «12-ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇپ، جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلغان، ئۆلكىنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بېشىغا چىققان ئىدى. ھەممە كۈچلەر ئۈرۈمچى ئەتراپىغا توپلانغانلىقتىن شەرقىي يول ئاساسەن توسالغۇسىز ئىدى. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدىن تۇرپانغا چىققان، مەھمۇت سىجاڭ قارا شەھەردىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ كۆكياردا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ مورى، گۇچۇڭ تاغلىرىدا جەم بولغان ئىدى. ماجوڭيىڭ ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق شارائىتتا قۇمۇلدىن گۇچۇڭغا يېتىپ كەلدى. خوجىنىياز ھاجىملار بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ماجوڭيىڭ گۇچۇڭغا، خوجىنىياز ھاجىملار جىمسارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى گەرچە شەھەرگە بوغۇزدەك ھوجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش شىددەتلىك بولدى. شەھەر ئىچىدە قۇمۇلدىن قايتىپ كەلگەن لىخېيرۇ (سىلىڭ) لىرۇڭخۇا، شەھەر مۇداپىئەسىدىكى جاڭجۇشەن قىسىملىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ ئوقچىلىرى كۆپ بولۇپ، شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجىيې ئۆلدى. ئۇنىڭ ئاچچىغىدا قىسىملار سېپىلغا يامىشىپ چىقىپ شىددەتلىك ھوجۇم قىلىش ئارقىلىق شەھەرنى ئىشغال قىلدى. لىرۇڭخۇا ئۇرۇش ئۈستىدە ئۆلدى. لىخېيرۇ بىلەن جاڭجۇشەنلەر ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى 4 دانە زەمبىرەك، 50 تالغا يېقىن ئېغىر-يېنىك پىلىموت، 8 مىڭ تال ھەر خىل مىلتىق غەنىمەت ئالدى. جىمسار ئۇرۇشىدا خوجىنىياز ھاجى تاپشۇرۇۋالىدىغان 1860 تال مىلتىق بىلەن 2 مىڭدەك ئاتنىمۇ كېچىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى، قانداقتۇر قارا نىيىتى بارلىقىنى ئاشكارىلاپ، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى تۈپتىن قوزغىدى. يەنە بىر تەرەپتىن گوچۇڭدا بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ بىر قانچە مىڭ تال قورال-ياراغقا ئېرىشكەن بولغان ماجۇڭيىڭ مىسلىسىز دەرىجىدە كۆرەڭلەپ، ھاكاۋۇرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەتتا خوجىنىياز ھاجىنى ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى تۈەنجاڭلىرىچىلىكمۇ كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار جىمساردىن ئېلىپ كەتكەن قوراللارنى قايتۇرۇپ بېرىشىن دەپ ئادەم ئەۋەتسە، ماجۇڭيىڭ ئۇلارغا جىرشىياڭ (توققۇز ئاتار) چىشياڭ (7ئاتار) قاتارلىق قوغلىشۇن ئوقلۇق كونا مىلتىقلاردىن 100 تال بېرىپ قورساقلىرىنى تېخىمۇ كۆپتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا كارچىلىك زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. دەل مۇشۇ زىددىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىم بىلەن كېلىشىم تۈزۈلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي ئاساستىن ئايرىلىپ، سىياسىي جەھەتتە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ، بىردىنلا شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 6. زىمىچۈەنزىدىكى ئۇرۇش ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ تۇرپانغا چېكىنىشى

يالغۇز قالغان ماجۇڭيىڭ ئۆز ئالدىغا 6 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن گۇچۇڭدىن يولغا چىقتى. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىڭشىسەيمۇ 6 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ئۈرۈمچىدىن گوچۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئىككى قوشۇن زىمىچۈەنزىدە ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. گوچۇڭ تەرەپتىن يالاڭباش، يالاڭ كۆڭلەك كېيىپ تەلۋىدەك كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىسىملىرى شىڭشىسەي تەرەپتىن يولنىڭ ئىككى چېتىگە ئامبۇر شەكىللىك قۇر-
غان مۇداپىئە خاراكتېرلىك ئىستېھكامغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئۇلار قەيسەرلىك
بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا قاتتىق جۇدۇن بولۇپ مۆلدۈر ياغدى. ماجۇڭيىڭ قىسىم-
لىرى بېشىغا تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان مۆلدۈرگە چىداپ تۇرالماي ئۇرۇشنى تاشلاپ
مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىشكە كىرىشتى. مۆلدۈردىن كېيىن قاتتىق يامغۇر ياغدى.
پۈتۈن دالا پاتقاقچىلىققا ئايلاندى، ئاندىن سوغۇق ھاۋا ئېقىمى پەيدا بولۇپ، ئۇ-
لارنى جۇدۇن چاپقۇنغا ئۇچرىغان بىر توتان قويغا ئوخشاش بىر ھالغا چۈشۈرۈپ
قويدى. دەل شۇ چاغدا پاختىلىق كىيىم كىيىپ ئاكوپلاردا ئىسسىق ياتقان شىڭ
شىسەي ئەسكەرلىرى ئاكوپلاردىن چىقىپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرى بىتچىت بولۇپ ھەر تەرەپكە قاچتى.

زەمچۇەنزىدە بولغا ئۆزۈنتا تۇساتتىن پەيدا بولغان ئاپەت خاراكتېرلىق
جۇدۇن-چاپقۇن شىڭشىسەيگە ئامەت، ماجۇڭيىڭغا ئاپەت ئېلىپ كەلدى. ماجۇڭيىڭ
تامامەن مەغلۇپ بولدى. نۇرغۇن ئەسكىرى ئوقتا ۋە سوغۇقتا ئۆلدى. نەچچە يۈز
تۆگىگە ئارتىلغان ئوق-دورىلىرىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قالدۇق
قىسىملىرىنى باشلاپ تۇرپانغا چېكىندى. ئۇ تۇرپاننى بازا قىلىپ ئۈرۈمچىگە 2-
قېتىم ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق كۆردى. يولۋاسنى تۇرپانغا كارنىزون سىلىنىتى
دەپ بېكىتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۈچ ناھىيىدىن ئۈچ قېتىمدا 3 مىڭغا يېقىن ئەسكەر
ئالدى. 14-15 ياشلاردىكى باللارنىمۇ ئەسكەرلىككە تۇتۇپ «گاۋا دۈي» (باللار
ئەترىتى) قىلىپ قۇردى. ئۇنىڭ كونا-يېڭى ئەسكىرى كۈچى 6 مىڭ ئەتراپىغا بار-
دى. ئۇنىڭ تەگىدىن تولىسى ئاتلىق ئەسكەر بولغاچقا، ئۈچ ناھىيە دېھقانلىرىغا
چۈشكەن ئالۋاڭ ياساق ھېسابسىز ئېغىر بولدى. ئۇ 1933-يىلى 6-ئايدىن
1934-يىلى 4-ئايغىچە جەمئىي 10 ئاي تۇرپاندا تۇرۇپ خەلق ئىگىلىكىنى قاتتىق
ۋەيران قىلىۋەتتى. سامان قەغەزگە تىزا بېسىپ ئۈچ ناھىيە خەلقىنى خەجلەشكە
مەجبۇر قىلدى. باشقا يەردە ئۆتمەيدىغان بۇ كاسسىلىك تىزىسىنى كىمكى ئالماي-
مەن دېسە پۈتۈن مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ تارتىۋالاتتى.

ماجۇڭيىڭ بىر قاتار تەييارلىقلارنى كۆرۈۋالغاندىن كېيىن شۇ يىلى 8-ئاي-
نىڭ 15-كۈنى داۋانچىڭدا شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش
قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا لى زۇشىياڭ قوماندانلىقىدىكى شىڭشىسەي ئەسكەرلىرىنى
مەغلۇپ قىلىپ بىر دانە تۆمۈر كوككا، 4 زەمبىرەك-تۇن نەچچە پىلىمۇت ۋە 300 دىن
ئارتۇق مىلتىق غەنىيمەت ئالدى.

بۇ ئارىلىقتا ماجۇڭيىڭ دىپلوماتىيە يۈرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن شىڭشىسەيگە

ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىدا تۇرۇۋاتقان جاڭ پېيۈەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ ئاغدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، شىمالىي شىنجاڭنى جاڭ پېيۈەن، جەنۇبىي شىنجاڭنى ماجۇڭيىڭ باشقۇرۇشىنى مەسلىھەت قىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالتاي — چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ماخۇيمىڭ ئارقىلىق خەلقئارادىن يول تېپىشقا ئۇرۇندى. (ماخۇيمىڭنى گۇچۇڭدىكى ۋاقىتتا ئالتاي — چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ئىدى.)

## 6. ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى

1933 — يىلى 12 — ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىلىقىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىدا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ئۈرۈمچىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىۋاتقان ھەربىي ئەشيالارنى تىزىپ، ماشىنىلارنى ماڭدۇرمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ياڭ جېڭجۇڭ بىر دىۋىزىيىنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. شېڭ شىسەي تاقابىل تۇرۇپ ئالدىنى توسۇشقا سەنمۇجاڭ ليۇبىڭ قوماندانلىقىدا 3 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ شىمالىي تەرەپكە ماڭدۇردى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ماجۇڭيىڭ 1934 — يىلى 1 — ئاينىڭ 12 — كۈنى پۈتۈن قوشۇنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىدى. تۇنجى جەڭ چىغدەڭدە بولدى. بۇ ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى غەلىبە قىلىپ ئىلگىرىلىدى. ئەتىسى ئۇرۇش ئۈرۈمچى ئەتراپىدا بولدى. نەنلىياڭ تەرەپتە بىر قانچە كۈن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى كۆپرەك چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىدى. 1 — ئاينىڭ 16 — كۈنى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى ئايروپىلان ئىستانسىنى بېسىۋالدى. ئىككى ئايروپىلاننى پاچاقلىۋەتتى. ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەملىشىپ شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى بېسىقتۇرۇپ تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر قانچە مىڭ كىشىلىك (بەزى مەنبەلەردە 5 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن، 30 ئايروپىلان، 20 دىن ئارتۇق تۆمۈر كۆڭكا، 5 دانە تانكا دەپ مەلۇمات بېرىدۇ) قوشۇن كىرگۈزىدۇ. بۇ قوشۇن «ئالتايسكىي» «تارباغاتايسكىي» دېگەن نام ئاستىدا بىر قىسمى چۆچەكتىن، بىر قىسمى قورغاستىن كىرىدۇ. قورغاستىن كىرگەن قىزىل ئارمىيە ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننى مەغلۇپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. چۆچەك چېگرىسىدىن كەلگەنلىرىمۇ ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغان ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە

هوجۇم قىلىۋاتقان قىسىملاردىن بىر بۆلۈك كۈچ ئاجرىتىپ ماخۇيەنىڭ قوماندانلىقىدا سانجى، قۇتۇبى تەرەپكە يولغا سالىدۇ. ئالتايسكى قوشۇنلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى سانجى — تودۇڭخابا ئەتراپىدا توسۇپ قانلىق جەڭلەرنى قىلىدۇ. سانجى ئەتراپىدا بولغان قانلىق جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئالتايسكى قوشۇن ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالتايسكى قوشۇن قۇرۇغلۇق ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ماسلاشقان ھالدا ئومۇميۈزلۈك قايتارما ھوجۇم قوزغاش نەتىجىسىدە ماجۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

1934 — يىلى 2 — ئاينىڭ 12 — كۈنى ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاچىدۇ. يولبۇيى ئۇلارنى شىڭ شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيىسى (ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەمگە ئەۋەتكەن ھاۋا ئارمىيىسى) بومباردىمان قىلىپ، ئوققا تۇتۇپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى يولبويى قارشىلىق كۆرسەتمەستىن، ئامالىنىڭ بېرىچە جېنىنى قوغداپ، شۇ يىلى 4 ئايلاردا قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. ئالتايسكى قوشۇنلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى دارالبېشىدا توختايدۇ.

## 7 — ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشى

جىمسار تاغلىرىدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل بولغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى باۋۇيى زۇڭسىلىڭ (گارنىزون قوماندانى) بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىغا بەيئەت قىلغان تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە، شاھمەنسۇر خوتەندە قوماندان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ لېكىن قارا شەھەردە ماشىمىڭ، قەشقەردە ماجەنساڭ قىسىملىرىدىن ئىبارەت ماجۇڭيىڭغا تەۋە بىر تۈركۈم قوشۇن مەۋجۇت ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى ماجۇڭيىڭ بىلەن ئادا-جۇدا بولۇشقاندىن كېيىن 5 — ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاغ يوللىرى بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ توخسۇنغا كېلىپ ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماشىمىڭ قارا شەھەرگە 3 لۈي (بىرىگادا) ئەسكەر توپلاپ، خوجىنىياز ھاجىنى ئۇششاقتالدا توسىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇش مانا شۇ يەردە باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ماشىمىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجى چوقىدا يەنە بىر مەيدان جەڭ قىلىپ قارا شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ماشىمىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى باغراش كۆلى ئەتراپىغا چېكىنىپ چۆل — جەزىرە يوللىرى بىلەن تۇرپانغا قېچىپ كېتىدۇ.

1933-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوجىنىياز ھاجى كورلىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ماشىمىڭ پۈتۈن قوشۇنىنى باشلاپ تۇرپاندىن قارا شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە ئۇ ئۆز قوشۇنىنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ ئۆزىنى ساۋغى سېلىنىڭ (باندىت تازىلاش سېلىقى) دەپ ئاتىۋالدى. ئاندىن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 3 تۈمەن ئەسكەر ئاجرىتىپ، مافۇيۈەن قوماندانلىقىدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى.

خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىكتە كورلىدىن ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى. مافۇيۈەن قىسىملىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوقۇشۇپ كەلدى. بۇ ئارىلىقتا كورلا باش ئەگىم، كۈچار ئەتراپلىرىدا كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلاردىن باشقا شىددەتلىك ئۇرۇش بولمىدى.

شۇ يىلى 8-ئايدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ماجەنساڭ قىسىملىرى سۇيىقەست ئويۇشتۇرۇپ، تۆمۈر سىجاڭنى ئۆلتۈرۈپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئۇرۇش باشلاندى. تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنلىرى ئىنتىقام ئالىمىز دەپ قەشقەر يېڭىشەھەرنى قورشاپ ماجەنساڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. 1934 — يىلى 1 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلارمۇ ئاقسۇدىن قەشقەرگە كېلىپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. مەھمۇت سىجاڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولۇپ ئۇرۇشقا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. دېمەك بۇ ئۇرۇش 1933 يىلى 8 - ئايدىن 1934 يىلى 3-ئايغىچە يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ماجەنساڭ قىسىملىرى قەشقەر يېڭىشەھەردە يېرىم يىلغا يېقىن قامال ئىچىدە قېلىپ، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە باشقا جەھەتلەردىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئاقسۇغا كەلگەن مافۇيۈەن قىسىملىرى ماجەنساڭغا جىددىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار يەكەن تەرەپكە چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن مافۇيۈەن بىلەن ماجەنساڭ قىسىملىرى قەشقەردە قوشۇلۇپ بىر مەركەزلىك ئىككى شەھەرنى ئىگىلەپ تۇردى. 1934 يىلى 2 - ئايدا قانلىق 17-فېۋرال ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق قەشقەر ئاھالىسىنى قىرغىن قىلدى ۋە شەھەردە ئۈچ كۈن بۇلاڭ-تالاڭ يۈرگۈزدى. 3-ئاي ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن چېكىنگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئەڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئارقا تەرەپتىن شىڭشىسەي قوشۇنلىرى ۋە ئالتايسكىي دەپ ئاتالغان قوشۇنلار قوغلاپ كېلەتتى. ئالدى تەرەپتە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قىسىملىرى توسۇپ تۇراتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

## 8. ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشى

2-قېتىم شىنجاڭغا چىققان ماجۇڭيىڭ قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە شۇنچە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بارار جايىنى تاپالماي، ئاخىرى قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئادەملىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قانلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كەڭ-كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ خەلق ئاممىسىغا ئېغىر زۇلۇم سالدى. شۇڭا ئۇنىڭ شىنجاڭدا بولغان يىللىرى خەلق بېشىدىكى بالايى-ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ شۇنچە قىلىپمۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدىگە يېتەلمىدى. ئەمما بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بىرمۇنچە ئالتۇن كۈمۈشكە ئېگە بولغان ئىدى.

ئالتۇن كۈمۈش نۆۋىتى كەلگەندە جاننىمۇ تاتلىق نەرسە، شۇنداقلا جان فايدىسى ئىدى. شۇنچە كۆپ ئالتۇن-كۈمۈشكە ئېگە بولغان ماجۇڭيىڭ جان ساقلاش يولىدا خېلىلا گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئۈچ يول بار ئىدى: بىرسى خوتەن ئارقىلىق دۇڭخاڭ تەرەپكە كېتىپ جان ساقلاش؛ يەنە بىرسى تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستان تەرەپكە كېتىش، ئىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش. بۇ ئۈچ يولدىن بىرسىنى تاللاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر مەسىلە ئىدى. خوتەن ئارقىلىق دۇڭخاڭغا كېتەي دېسە، بۇ ئۇزۇن يولدا يەنە قانداق بالا-قازاغا ئۇچراپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. ئايرۇپىلاندىن تاشلانغان بومبىدا پارتلاپ كۈكۈم تالقان بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى. تاشقورغان ئارقىلىق ھىندىستانغا ماڭسا يول ئۈستىدە يەنە قانداق توسقۇنلۇققا ئۇچراپ زەربە يەپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي، سىياسىي ۋەزىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە كېتىش خەۋپسىز ئىدى شۇنداقلا شۇ تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر ئىدى.

شۇ يىللىرى قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىسى ماجۇڭيىڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ھەرىكەت قىلماي جىم ياتقىنى يوق. ئەنگلىيىلىكلەر ماجۇڭيىڭنى ھىندىستانغا تەكلىپ قىلسا سوۋېتلىكلەر رۇسىيىگە تەكلىپ قىلاتتى. بۇ ئىككى دۆلەت كىشىلىرى شۇ مەزگىلدە شەخسەن ماجۇڭيىڭنى ئەمەس بەلكى ماجۇڭيىڭ ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى شۇنداقلا ماجۇڭيىڭ ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتنى تالىشاتتى. نەتىجىدە بۇ مەسىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ماجۇڭيىڭغا سىياسىي پاناھلىق بېرىدىغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن قالدۇق قىسىملىرىنى خوتەن

رايونىدا تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ شىڭشىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، شىڭشىسەي ئەسكەرلىرى پوسكامنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرىدىغان بولۇپ بىر مەھەل ئۇرۇش ئوتى بېسىلدى. ماجۇڭيىڭ 80 گە يېقىن ئادىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندە 27 تۆگىدە ئالتۇن ئېلىپ ماڭغان. يەنە بىر مەلۇماتتا 40 خېچىرغا ئالتۇن يۈكلەپ ماڭغان.

## 9. ئاخىرقى سۆز

ماجۇڭيىڭ: ياش، قەيسەر، باتۇر بىر جەڭچى. قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە مۆجىزە خاراكتېرلىك ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىپ، كەڭ غەربىي شىمالدا ھاڭدار مەركەزدە بولۇپ ئاتالدى. دەسلەپتە بىر قانچە كىشىلىك گۇرۇھ ئويۇشتۇرۇشتىن ئىش باشلىغان ماجۇڭيىڭ چاقماقتەك تېز ھەرىكەتلىنىپ، ئاز مۇددەت ئىچىدە بىر قانچە مىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، يەرلىك مىلىتارىستلارغا تاقابىل تۇردى. ئۇنىڭ مۇنداق ئاجايىپ ئىقتىدارىغا قايىل بولغان مەركىزىي ھۆكۈمەت (گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى) ئۇنىڭ قىسىملىرىنى 36 ـ دىۋىزىيە قىلىپ ماجۇڭيىڭنى دىۋىزىيە قوماندانى (سىجاڭ) دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئوڭايلىقچە ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس— ئەلۋەتتە.

ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا 2 ـ قېتىم چىقىپ بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ كۆپلىكى، كەڭلىكى، ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى، ھەربىي كۈچ ئويۇشتۇرۇپ تەشكىللەش جەھەتلەردىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. گوچۇڭ ئۇرۇشىدا سېپىلگە پىچاق سانجىپ چىقىشتەك پىداكارلىقلار ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەيران قالدۇرىدۇ.

لېكىن ئۇنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن باتۇرلۇقىغا تەڭ نىسبەتتە ساقلىنىپ كەلگەن تەلۋىلىكى، قارا نىيىتى ۋە ياۋۇزلىقلىرى كىشىنى سەسكەندۈرۈپ نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭدا قىلغان تەنتەكلىكى ۋە قاراملىقلىرى تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈلپەتتۇر.

ئۇ 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم قان تۆكتى، ئوت قويدى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. تۇرپان رايونىدىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى (14—15 ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى.) ئەسكەرلىككە تۇتۇپ داۋانچىڭ ئۇرۇشى ۋە ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىدا

ئۇلارنى سەپىنىڭ ئالدىغا سېلىپ زەمبىرەك يېمى قىلىپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى تەرەپ-تەرەپكە پاتراپ، ئۆز بەگئۈز خان بولۇۋېلىپ يۇرت-يۇرتنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. كوچادا هادى ئەلەمنى، قەشقەردە تۆمۈر سىجاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى كېسىپ خادىغا ساڭگىلىتىپ سازايى قىلىشتەك ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەردە بولدى. باي ناھىيىسىدە پۇخرالارنى توپلاپ ياغ چېچىپ كۆيدۈرۈپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. قەشقەردە 17- فېۋرال چوڭ قىرغىنچىلىقنى يۈرگۈزۈپ، ئۈچ كۈن چاپچاپ قىلىپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق گۇناھسىز ئاھالىنى قىرىپ تاشلىدى. ماخۇسەن خوتەندىكى چاغدا قاراقاش، تاغ، تەۋەككۇل كەنتلىرىدە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ يۈزلىگەن ئاھالىنى ئۆلتۈردى، پۇخرالارنى ئوتقا قاخلاپ ئۆلتۈرۈش، ئومۇرتقىسىغا سىم ئۆتكۈزۈپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىلىكلەرنى قىلدى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ خىل قەبىھە ۋاستىلەر ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئۆز خۇرجۇنلىرىنى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تولدۇردى. ماجۇڭيىڭ ئېلىپ ماڭغان 27 تۆگە ياكى 40 خېچىر ئالتۇن بىلەن ماخۇسەن ھىندىستانغا ئېلىپ ماڭغان ئون ئاتتە مىڭ سەر ئالتۇن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن بۇلاڭ-تالاڭ بولماي نېمە؟ بۇ دېگەنلىرىمىز دەريادىن تامچە، شۇ يىللىرى ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك كۆپلەپ كەتكەن تۇەنجاڭ-لىيەنجاڭلارمۇ ئالدى مىڭ سەر، كەينى 40—50 سەرگىچە ئالتۇن توپلاپ ھەر ياقلارغا كەتكەن ئىدى. بۇ پاكىتلار ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ جانلىق دەلىلى.

ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان زىيانكەشلىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر يېرى شۇكى، ئۇ شىنجاڭغا چىقىپ قارا نىيەتلىك بىلەن بىزنىڭ زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب مېۋىمىزنى تالىشىپ نەتىجىدە ئۆزىگىمۇ يوق، بىزگىمۇ يوق دېگەندەك قىلىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغان يەر تاپالماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ گويا دېڭىزغا تاشلانغان ئەرزىمەس تاشتەك ئىز دېرەكسىز يوقالدى. بىر مەزگىل چاقماقتەك چاقنىغان نامىمۇ ئۆچتى. ھازىر بىز پەقەت ئۇنىڭ شىنجاڭدا قىلغان بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەت يىللىرىنىلا ئاچچىق ئەسلەيمىز.

1937-يىلى ماي ، ئۈرۈمچى

# ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈم ھەققىدە

توختەھاجى ئىمىن

ھازىر بىزنىڭ لوگىكا كىتابلىرىمىزدا «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەن بىر چۈشەنچە بار. بۇ چۈشەنچىنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىزغا كىرگۈزۈلمىشى بىر تەرەپتىن، لوگىكا ئىلمىدىكى تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە چوڭقۇرلاشقانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، لوگىكا ئىلمىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى. چۈنكى «مەنپىي ھۆكۈم» چۈشەنچىسىدىكى بەلگىلىك ئېنىقسىزلىقلار بىزنىڭ مەسىلىلەرنى ئېنىق، توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىز «مەنپىي ھۆكۈم» ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن «مەنپىي ھۆكۈم» دېيىلىۋاتقان بۇ ھۆكۈمنىڭ زادى قانداق ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى، ئىپادىلەيدىغان مەنىسى، تەپەككۇردىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدە بىر قەدەر ئېنىق ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، كىشىلەرنى «مەنپىي ھۆكۈم» ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ.

بىز لوگىكا كىتابلىرىدىكى «مەنپىي ھۆكۈم» چۈشەنچىسىگە قارايدىغان بولساق، «مەنپىي ھۆكۈم»گە بېرىلگەن تەبىر، ئىزاھلانغان چۈشەندۈرۈش، كەلتۈرۈلگەن مىساللارنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. بەزىلەر: «مەنپىي ھۆكۈم» بىر قەدەر ئالاھىدە بولغان قوشما ھۆكۈم بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىدىغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن: ئەسلى ھۆكۈم A بولسا (مەلۇم بىر ئاددىي ھۆكۈم بولۇشىمۇ ياكى قوشما ھۆكۈم بولۇشىمۇ مۇمكىن)، ئۇنىڭ مەنپىي ھۆكۈمى غەيرى A بولىدۇ. بۇ <$\overline{A}$> ئالامەتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن:

سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قوۋۇزىدا نەپەس ئالغۇچىلار ئەمەس. مانا بۇ مەنپىي ھۆكۈم بولۇپ، ئۇ، سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قوۋۇزىدا نەپەس ئالغۇچىلار، دېگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان، مەنپىي ھۆكۈم خاراكتېرلىكىچى ھۆكۈملەردىكى ئىنكار ھۆكۈمگە ئوخشايدۇ. خاراكتېرلىگۈچى ئىنـ

ىكار ھۆكۈم شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىـ غان ھۆكۈم بولۇپ، ئاددىي ھۆكۈمگە ياتىدۇ. مەنپىي ھۆكۈم بولسا، ئەسلى ھۆكۈم مۇ- ئەييەنلەشتۈرگەن ئەھۋالنى ئىنكار قىلىدىغان ھۆكۈم بولۇپ، قوشما ھۆكۈمگە ياتىدۇ. مەسىلەن:«شال بىنامىغا تېرىلىدىغان زىرائەت ئەمەس». بۇ خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمگە ياتىدىغان ئىنكار ھۆكۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما «شالنىڭ ھەممىسىنى بىنامىغا تېرىلىدىغان زىرائەت ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن ھۆكۈم بولسا قوشما ھۆكۈم بولۇپ، ئەسلىدىكى «شال بىنامىغا تېرىلىدىغان زىرائەت ئەمەس» دېگەن ئىنكار ھۆ- كۈمنى مەنپىي ھۆكۈم (شالنىڭ ھەممىسىنى بىنامىغا تېرىلىدىغان زىرائەت ئەمەس دې- گىلى بولمايدۇ) دېگەن ھۆكۈمنىڭ تارماق ھۆكۈمى دەپ قاراشقىلا بولىدۇ»① دەپ چۈشەندۈردى.

بەزى بىزلەر: «مەنپىي ھۆكۈم دېگەن بىر ھۆكۈمگە قارىتىلغان ئىنكاردىن ھا- سىل بولغان ھۆكۈم. مەسىلەن: كۆرگەنلا كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىشقا ماھىر ئەمەس.

شېكسپىر، گۆتې خەنچىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەمەس. قۇرغاقچىلىق بولسا، جەزمەن مەھسۇلات كېمەيمەيدۇ دېيىشكە بولمايدۇ. «ھەممە كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىشقا ماھىر» دېگەن پىكىر بىر ھۆكۈم. بۇ ھۆكۈم ئىنكار قىلىنسا، «كۆرگەنلا كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىشقا ماھىر ئەمەس» دېگەن بىر مەنپىي ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ. «شېكسپىر، گۆتې خەنچىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن» دېگەن ھۆكۈم ئىنكار قىلىنسا، «شېكسپىر گۆتې خەنچىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەمەس؟ دېگەن مەنپىي ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ. «قۇرغاقچىلىق بولسا، جەزمەن مەھسۇلات كېمىيىدۇ» دېگەن ھۆكۈم ئىنكار قىلىنسا، «قۇرغاقچىلىق بولسا، جەزمەن مەھسۇلات كېمىيىدۇ. دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەن مەنپىي ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ. ...... مەنپىي ھۆكۈمنى ھاسىل قىلىـ غۇچى ھۆكۈم مەنپىي ھۆكۈمنىڭ تارماق ھۆكۈمى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى مىساللاردىكى«مۇ ئەمەس»، «دېيىشكە بولمايدۇ»نىڭ كېيىنكى ھۆكۈمى مەنپىي ھۆكۈمـ نىڭ تارماق ھۆكۈمى بولىدۇ، تارماق ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغۇچى لوگىكىلىق سۆزلەر ئىنكار باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى مىساللاردىكى «كۆرگەنلا ... ئەمەس»، «دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەنلەر ...... مەنپىي ھۆكۈم قوشما ھۆكۈمنىڭ ئا- لاھىدە شەكلى، قوشما ھۆكۈم دېگەن باشقا ھۆكۈملەردىن ھاسىل بولغان ھۆكۈم، مەن- پىي ھۆكۈم بولسا، بىر ئىنكار سۆز ۋە بىر ھۆكۈمدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇمۇ قوشما ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ.»② دەپ چۈشەندۈردى.

يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشلەرنى يىغىنچاقلىغاندا: «مەنپىي ھۆكۈم — بىر خىل

② «ئومۇمىي لوگىكا» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى 154-153 بەتلەر.

① «نورمال لوگىكا» (شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى باستۇرغان) 204-205 بەتلەر

قوشما ھۆكۈم ئەمەس، ئۇ خاراكتېرى ھۆكۈمنىڭ بىر خىلى بولغان ئىنكار ھۆكۈمگە ئوخشىمايدىكەن» دېگەن خۇلاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. لېكىن «مەنپىي ھۆكۈم دېيىلىۋاتقان بۇ ھۆكۈم زادى قانداق شەكىلدىكى قوشما ھۆكۈم؟» دېگەن مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپقىلى بولمايدۇ.

«مەنپىي ھۆكۈم» چۈشەنچىسىدە ئېنىقسىزلىق، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى — «مەنپىي ھۆكۈم، زادى قوشما ھۆكۈم بولامدۇ — بولمامدۇ؟» دېگەن مەسىلە بولۇپ، بىز «مەنپىي ھۆكۈم» نىڭ قوشما ھۆكۈم ياكى ئەمەسلىكىنى، ئەگەر قوشما ھۆكۈم بولىدۇ دېيىلگەندە، زادى قانداق شەكىلدىكى قوشما ھۆكۈم بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قوشما ھۆكۈمگە بېرىلگەن تەبىر، ئىزاھلانغان چۈشەندۈرۈش، كەلتۈرۈلگەن مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

«قوشما ھۆكۈم دېگەن بىر نەچچە ئاددىي ھۆكۈمنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپقان ھۆكۈمگە ئېيتىلىدۇ. قوشما ھۆكۈم باشقا ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن: ماركسىزم — لېنىنىزم دوگما ئەمەس بەلكى ھەرىكەتنىڭ قوللانمىسىدۇر. بۇ، بىر قوشما ھۆكۈم، ئۇ «بەلكى» دېگەن باغلىغۇچى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئىككى ھۆكۈمدىن تەركىب تاپقان. ماركسىزم — لېنىنىزم نەزەرىيىسى دوگما ئەمەس. ماركسىزم — لېنىنىزم نەزەرىيىسى ھەرىكەتنىڭ قوللانمىسى. قوشما ھۆكۈمنى تەشكىل قىلغۇچى ئاددىي ھۆكۈملەر قوشما ھۆكۈمنىڭ تارماقلىرى دېيىلىدۇ. «بەلكى» دېگەن سۆز مۇشۇ ئىككى تارماق ھۆكۈمنى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىدۇر، ھەر قانداق قوشما ھۆكۈم مۇئەييەن بىر باغلىغۇچى ئارقىلىق بىر نەچچە تارماق ھۆكۈملەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوشما ھۆكۈمنىڭ تارماق ھۆكۈملىرى ۋە باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. قوشما ھۆكۈملەرنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرى باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. باغلىغۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقى ھەر خىل قوشما ھۆكۈم تۈرلىرىنى ئايرىشنىڭ ئاساسىدۇر.»① قوشما ھۆكۈمگە بېرىلگەن يۇقىرىدىكى تەبىر ۋە چۈشەندۈرۈشلەردىن قوشما ھۆكۈمنىڭ بىر نەچچە ئاددىي ھۆكۈملەردىن تۈزۈلىدىغان ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تارماق ھۆكۈملىرى ۋە باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولىدىغانلىقىنى، قوشما ھۆكۈمنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىنىڭ باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، باغلىغۇچىنىڭ قوشما ھۆكۈملەرنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، قوشما ھۆكۈملەرنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرى ئۇنىڭ باغلىغۇچىسى ئار-

---

① «ئومۇمىي لوگىكا» 125–127 بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنىق بەلگىلىنىدىكەن، باغلىنىغۇچىسى قوشما ھۆكۈملەرنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، «قوشما ھۆكۈملەرنىڭ بىر خىلى» دېيىلىۋاتقان «مەنپىي ھۆكۈم»نى قايسى خىل باغلىنىغۇچى بىلەن باغلاپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ لوگىكىلىق خاراكتېرىنى قانداق بەلگىلەش مۇمكىن؟

ھەممىگە مەلۇم، بىز مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگەندە ياكى ئىسپاتلىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇ مەسىلىنى قانداق ئاتىغانلىقى ياكى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى نەزەرگە ئالمايمىز. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئۇ مەسىلىنى قانداق ئاساس ۋە پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرگەنلىكىگە ۋە ئىسپاتلىغانلىقىغا قارايمىز. شۇنداق بولغاچقا، چۈشەندۈرۈش بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى كېرەك. بەزى كىشىلەر: «مەنپىي ھۆكۈم قوشما ھۆكۈمنىڭ ئالاھىدە شەكلى. قوشما ھۆكۈم دېگەن باشقا ھۆكۈملەردىن ھاسىل بولغان ھۆكۈم، مەنپىي ھۆكۈم بولسا، بىر ئىنكار سۆز ۋە ھۆكۈمدىن ھاسىل بولىدۇ، شۇڭا ئۇمۇ قوشما ھۆكۈم ھېسابلىنىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇ يەنە باشقا قوشما ھۆكۈملەرگە ئوخشاش ئۇنداق ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھۆكۈمدىن لوگىكىلىق باغلىنىغۇچىنىڭ باغلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئەمەس، بەلكى بىر لوگىكىلىق باغلىنىغۇچى (يەنە ئىنكار سۆز) بىلەن بىر ھۆكۈمدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ قوشما ھۆكۈمنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»① دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

مانا بۇ — قىلچىمۇ ئىلمىي ئاساسى بولمىغان بىمەنە چۈشەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر بىر ئىنكار سۆز ۋە بىر ھۆكۈمدىن ھاسىل بولغان ھۆكۈم قوشما ھۆكۈم ياكى ئالاھىدە قوشما ھۆكۈم بولىدىغان بولسا، ئىنكار ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى قوشما ھۆكۈم ياكى ئالاھىدە قوشما ھۆكۈم بولامدۇ؟ ئالايلى: «ھەرقانداق تىل سىنىپىيلىككە ئىگە ئەمەس»، «تەبىئىي پەن ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ ئەمەس.» «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئىنكار قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزمچى ئەمەس.» «توغرا ئىدىيە ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس.» «جۇڭگو تارىخىدا جۇاڭزى بىلەنلا ئۆتكەن ئەر ھەقىقىي بىلىملىك، ئالاھىدىلىقلاردىن ئەمەس»② دېگەن مۇنداق ھۆكۈملەرمۇ قوشما ھۆكۈم ياكى ئالاھىدە قوشما ھۆكۈم بولامدۇ؟ چۈنكى بۇ ھۆكۈملەرنى بىر تەستىقتى ھۆكۈم ۋە بىر ئىنكار سۆزدىن تۈزۈلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنى «ھەرقانداق تىل سىنىپىيلىككە ئىگە» دېگەن ھۆكۈم بىلەن «ئەمەس» دېگەن ئىنكار سۆزدىن تۈزۈلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مېنىڭچە، مەسىلىنى مۇنداق يۈزەكى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش — ھەرگىزمۇ ئىلمىيلىك ئەمەس. بىز بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە

---

① «فورمال لوگىكا» 205-بەت.

② «ئومۇمىي لوگىكا» 65—103 بەتلەر، «فورمال لوگىكا» 112—116 بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇ مەسىلىنى چوقۇم بەلگىلىك ئىلمىي ئاساس بىلەن ئوتتۇرىغا قويمىسىمىز كېرەك، بۇنداق بولمايدىكەن، ئاساسسىز نەرسىلەر بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. «مەنپىي ھۆكۈم - قوشما ھۆكۈمنىڭ بىر خاس» ياكى «مەنپىي ھۆكۈم — ئالاھىدە قوشما ھۆكۈم» دېيىلگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيىتى ياكى قوشما ھۆكۈملەر بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ئېنىق كۆرسىتىلىپ بېرىلىشى كېرەك. چۈنكى بىر تۈرگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەر چوقۇم بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى بىلىش ئۈچۈن «مەنپىي ھۆكۈم»نىڭ قوشما ھۆكۈملەر بىلەن بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

بىز قوشما ھۆكۈملەرنى بەلگىلىك لوگىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىدىغان باغلىغۇچىنى ئاساس قىلىپ تەكشۈرگىنىمىزدە، بارلىق قوشما ھۆكۈملەر ئۆزلىرىنىڭ باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، لېكىن «مەنپىي ھۆكۈم» نىڭ ئۆزىنى بەلگىلىك قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدىغان باغلىغۇچىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. لېكىن، بەزى كىشىلەر: «... تارماق ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغۇچى لوگىكىلىق سۆزلەر ئىنكار باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ... «كۆرگەنلا ... ئەمەس» «دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەنلەر»①نى «مەنپىي ھۆكۈم» نىڭ باغلىغۇچىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. «كۆرگەنلا... ئەمەس»، «دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەنلەر راستىنلا «مەنپىي ھۆكۈم» نىڭ باغلىغۇچىسى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنى ئىنكار «باغلىغۇچى» دېسەك، ئەسلىدىكى ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىدىغان ئىنكار سۆزلەرنى نېمە بىلەن كۆرسىتىمىز؟ «كۆرگەنلا ... ئەمەس»، «دېيىشكە بولمايدۇ» دېگەنلەر ھەرگىزمۇ «مەنپىي ھۆكۈم» نىڭ باغلىغۇچىسى ئەمەس. بەلكى ئەسلىدىكى ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىنكار سۆزلەردۇر. شۇڭلاشقا بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئىنكار قىلىشتىن كېيىن كېلىپ چىققان ھۆكۈملەرنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ئەسلىدىكى ھۆكۈم بىلەن شۇ ھۆكۈمنى قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنى ئۆز ئارا باغلاپ قوشما ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، «مەنپىي ھۆكۈم»نى بەلگىلىك قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدىغان باغلىغۇچىسى يوق، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئەمدى بىز قوشما ھۆكۈملەرنىڭ تارماق ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چەتئەش قىلىپ تەكشۈرگىنىمىزدە، قوشما ھۆكۈملەرنىڭ تارماق ھۆكۈملىرى ئۆز ئارا بىر — بىرىنىڭ ماۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر قوشما ھۆكۈم تەركىبىدىكى مەلۇم بىر تارماق ھۆكۈمنى ئىسقاتقىقۇتسەك يا-

---

① «فورمال لوگىكا» 204-بەت.

كنى چۈشۈرۈپ قويساق، ئۇ خىل قوشما ھۆكۈم ئۆزىنىڭ قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇپ ئاددىي ھۆكۈمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: «يا شەرق شامىلى بېسىپ چۈشىدۇ، يا غەرب شامىلى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن بۇ تاللانما ھۆكۈمنىڭ مەلۇم بىر تارمىقىنى قىسقارتىۋەتكەندە ياكى چۈشۈرۈپ قويغاندا، ئۇ ھۆكۈم يەنىلا ئاددىي ھۆكۈمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، «ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىشى، شۇنداقلا تەشكىللىك — ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى كېرەك» دېگەن بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭمۇ مەلۇم بىر تارماق ھۆكۈمىنى قىسقارتىۋەتسەك ياكى چۈشۈرۈپ قويساق، ئۇمۇ بىر ئاددىي ھۆكۈمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن مەلۇم ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى ھۆكۈم (مەنپىي ھۆكۈم) ئەسلىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ ياكى شەرت قىلمايدۇ، مەسىلەن: «سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قوۋۇزىدا نەپەس ئالغۇچىلار ئەمەس» دېگەن بۇ ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈم ئەسلىدىكى ھۆكۈم بولغان «سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قوۋۇزىدا نەپەس ئالغۇچىلار» نىڭ داۋاملىق ئۆزى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرگەندە، مەلۇم ئىنكارى ھۆكۈم ئەسلىدىكى مۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان دەپلا كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قوشما ھۆكۈملەر ئۆزىنىڭ باغلىغۇچىسى ئارقىلىق قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدىغان، تارماق ھۆكۈملىرى بىر — بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان مانا مۇشۇنداق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمگە تولىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بەلگىلىك قوشما ھۆكۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولمىغان ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنى «قوشما ھۆكۈمنىڭ بىر خىلى» ياكى «ئالاھىدە قوشما ھۆكۈم» دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولىدىغان ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنىڭ تارماق ھۆكۈمى دەپ قاراش توغرا ئەمەس.

بۇنداق دېسەك، كىشىلەر: «ئۇنداقتا، ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈم دېگەن زادى قانداق ھۆكۈم؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بىز ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنىڭ قانداق ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى «مەنپىي ھۆكۈم» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىنكارى ھۆكۈمنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى. چۈنكى ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈمنى ئاتاشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى — كىشىلەرنىڭ ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈم بىلەن ئىنكار ھۆكۈملەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە بەلگىلىك ئېنىقسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يەنە بىر تەرەپ بولۇپ تۇرماقتا. يەنى نۇرغۇن كىشىلەر «مەنپىي» دېگەن بۇ سۆز «ئىنكار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ

چۈشەنگەچكە، بىز خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭ بىرىنى«ئىنكار ھۆكۈم» يەنە بىرىنى«مەنپىي ھۆكۈم» دەپ ئاتىمايمىز، «ئىنكار ھۆكۈم» بىلەن «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەن ئىككى ئۇقۇم ئىپادىلىگەن مەزمۇنى جەھەتتىن بىر — بىرىدىن كۆپ پەرق قىلمايدۇ دەپ چۈشىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇقۇملارنى تۈرلەرگە بۆلگەندە، بەزى كىشىلەر ئۇقۇملارنى مۇسبەت ئۇقۇم ۋە مەنپىي ئۇقۇم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. ھەممە مەنپىي ئۇقۇمنى «پىكىر قىلىش جەريانىدا مەلۇم بەلگىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم مەنپىي (ياكى ئىنكار) ئۇقۇم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئادالەتسىز ئۇرۇش»، «غەيرى ماركسىزىم» «ياتۇر ئەمەس» قاتارلىقلار مەنپىي ئۇقۇملاردۇر»① دەپ چۈشەندۈرىدۇ، بۇ چۈشەندۈرۈشتە «مەنپىي ئۇقۇم» دەپ چۈشەندۈرۈلگەچكە، ھۆكۈم دائىرىسىگە كەلگەندە «مەنپىي ھۆكۈم»نى «ئىنكار ھۆكۈم» ئەمەس دەپ قاراش — كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان بىر مەسىلىدۇر. شۇڭلاشقا ئىنكار (مەنپىي) ھۆكۈمنى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئازراق ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز «ئىنكارى (مەنپىي) ھۆكۈم»نى قانداق ئاتاش مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدەنگەندە، مەسىلىنى «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەن مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. چۈنكى «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تەشكىل قىلغۇچى «مەنپىي» دېگەن بۇ سۆز تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن سىڭىپ كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «رەت قىلىنغان»① دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەنلىك — «رەت قىلىنغان ھۆكۈم» دېگەنلىك بولىدۇ، «رەت قىلىنغان ھۆكۈم» دېگەنلىك — ئەمەلىيەتتە «ئىنكار قىلىنغان ھۆكۈم» دېگەنلىك بولغاچقا، «رەت قىلىنغان ھۆكۈم» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئىخچام ئاتىغاندا، «ئىنكارى ھۆكۈم» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى بىز تەتقىق قىلماقچى بولۇۋاتقان ھۆكۈمنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھۆكۈم — ئەسلىدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ياكى ئەسلىدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى بولغاچقا، «ئىنكارى ھۆكۈم» دەپ ئاتىغان مۇۋاپىق. شۇڭلاشقا ئەسلىدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمنى مەنىسى بىر قەدەر ئېنىقسىز بولغان «مەنپىي ھۆكۈم» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىماي «ئىنكارى ھۆكۈم» دەپ ئاتاش كېرەك. بۇ خىل ئاتاش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى «ئىنكار ھۆكۈم» بىلەن مەلۇم ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان «ئىنكارى ھۆكۈم»نى بىر قەدەر ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنى «ئىنكار» دېگەن بۇ سۆز — «ئىنكارى» دېگەن سۆزگە «ى» قو-

① «ئومۇمىي لوگىكا» 37-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىرچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان سۆز بولغاچقا، «ى» قوشۇمچىسى ئەمە- لىيدىكى «ئىنكار» سۆزىنىڭ مەنىسىنى بەلگىلەش دەرىجىدە ئۆزگەرتىش رولىنى ئوي- نايدۇ. شۇڭلاشقا «ئىنكار» دېگەن سۆز بىلەن «ئىنكارى» دېگەن سۆزلەرنى بىر- بىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئەمدى «ئىنكارى ھۆكۈم» ئۇقۇمىنىڭ سۆزىمىزگە كەلسەك، ئىنكارى ھۆكۈم — ئەسلىدىكى مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ھۆكۈم ئىكەن، ئۇنداقتا ئىنكارى ھۆكۈم زادى قانداق ھۆكۈم؟ بىز يۇقىرىدا، ئىنكارى ھۆكۈملەر— نىڭ قوشما ھۆكۈملەرگە ئوخشاش خاس باغلىغۇچىسى بولمايدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى ھۆكۈمنىڭ يەنە شۇ ئەسلىدىكى ھۆ- كۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقى يا- كى شەرت قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە — ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت — ئىنكارى ھۆ- كۈملەرنىڭ قانداق ھۆكۈم بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مەلۇم ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى ھۆ- كۈم — ئەسلىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلمىغان ئىكەن، ئەسلىدىكى ھۆكۈم قانداق ھۆكۈم بولسا، ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ھۆكۈممۇ شۇنداق ھۆكۈم بولىدۇ. يەنى ئەسلىدىكى ھۆكۈم ئاددىي ھۆكۈم بولسا، ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىنكارى ھۆكۈم ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈم بولىدۇ. ئەسلىدىكى ھۆكۈم قوشما ھۆكۈم بولسا، ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئىنكارى ھۆكۈم قوشما ئىنكارى ھۆكۈم بولىدۇ. مەسىلەن: ① سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قۇۋۇزدا نەپەس ئالغۇچىلار ئەمەس. ② كۆرگەنلا كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىشقا ماھىر ئەمەس. ③ قۇرغاقچىلىق بولسا، مەھسۇلات جەزمەن كېمىيىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ④ تىرىشىپ ئۆگەنمىسە، ئەلانەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس، ھەم ئەستايىدىل ئەمەس.

دېگەن بۇ ھۆكۈملەرنى ئەسلىدىكى: سۇدا ياشىغۇچى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىلا قۇۋۇزدا نەپەس ئالغۇچىلار؛ ھەممە كىشى دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىشقا ماھىر؛ قۇرغاقچىلىق بولسا، مەھسۇلات جەزمەن كېمىيىدۇ؛ تىرىشىپ ئۆگەنگەندىلا، ئەلانەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛ بەزى كىشىلەر خىزمەتتە ھەم تىرىشچان، ھەم ئەستايىدىل، دېگەن ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى ھۆكۈملەر ئىچىدىكى ①② ھۆكۈملەر — ئەسلىدىكى ھۆكۈم ئاددىيلا ھۆكۈم بولغاچقا، ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈم بولىدۇ. ③④⑤ ھۆكۈملەر — ئەسلىدىكى ھۆكۈم — قوشما ھۆكۈم بولغاچقا، قوشما ئىنكارى ھۆكۈم بولىدۇ. بۇنىڭدىن، ئىنكارى ھۆكۈمنىڭ ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈم ياكى قوشما ئىنكارى ھۆكۈم بولۇشىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گەرچە ھۆكۈملەرنى تۈزۈلىشى جەھەتتىكى ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن ئاددىي ھۆكۈم ۋە قوشما ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈم شەكلى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئاددىي ھۆكۈملەرنى تەستىقى ھۆكۈم ۋە ئىنكار ھۆكۈم دەپ ئىككى تۈرگە، قوشما ھۆكۈملەرنى بىرلەشمە ھۆكۈم، تاللانما ھۆكۈم، شەرتلىك ھۆكۈم دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇخىل ھۆكۈم شەكىللىرىنىڭ ئىنكارى بىر — بىرى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنكارى ھۆكۈم ھەققىدە بىر قەدەر ئېنىق ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەرخىل ھۆكۈملەرنىڭ ئىنكارىنى ئايرىم — ئايرىم كۆرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈم، قوشما ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئاددىي تەستىقىي ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىنكارى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ. يەنى «بارلىق شەيئىلەر ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ» دېگەن تەستىقى ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(1) بارلىق شەيئىلەر ھەرىكەت قىلىپ تۇرمايدۇ.

(2) بارلىق شەيئىلەرنى ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

(3) بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھەرىكەت قىلىپ تۇرمايدۇ.

بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ (1) خىل شەكلى — ئۆزىنىڭ ھۆكۈم شەكلى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتىن ئىنكار ھۆكۈمدىن ھېچقانداق پەرق قىلمايدۇ. (2) (3) خىل شەكلى — گەرچە ھۆكۈم شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئىنكار ھۆكۈملەردىن كۆپ پەرق قىلمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتىن، ئىنكار ھۆكۈملەردىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى بۇ خىل شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەردىن: «شەيئىلەرنىڭ مەلۇم بىرقىسمى ھەرىكەت قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىرقىسمى ھەرىكەت قىلىپ تۇرمايدۇ» دېگەن مەنا چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا تەستىقى ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققىدىغان «... ھەممىسىلا ... ئەمەس، ...» «... دېگىلى بولمايدۇ» شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەر بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئىنكارى ھۆكۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە ئىنكار ھۆكۈملەرنىمۇ تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەكىلدە ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ. يەنى «ھەرقانداق تەجرىبە — ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەيدۇ» دېگەن ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ.

(1) ھەرقانداق تەجرىبىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ؛

(2) ھەرقانداق تەجرىبە — ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەي قالمايدۇ؛

(3) ھەرقانداق تەجرىبە — ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ ھۆكۈم شەكلى گەرچە يەنىلا ئىنكار شەكىلدە بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلىگەن مەنىسى تەستىقتۇر بولىدۇ. (1) خىل شەكلى — «تەجرىبىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتمىسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. (2) (3) خىل شەكلى — «چوقۇم ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە باركى — ئۇ بولسىمۇ ئىنكار ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان (2) (3) تىپىدىكى ئىنكارى ھۆكۈم شەكلى بولۇپ، بۇ خىل ھۆكۈم شەكلى ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتىن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەلگىلىك مۇقەررەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پەلسەپە ئىلمىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا لوگىكا ئىلمىدىكى ئەقلىي خۇلاسىنىڭ بىر تۈرى بولغان ۋاستىسىز ئەقلىي خۇلاسىنىڭ سۈپەت ئۆزگەرتىش، يەنى ئەسلىدىكى تەستىق ھۆكۈملەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا سۈپىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاستىسىز ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بېرىشنى بەلگىلىك ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىنكارى ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ خىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بۇ خىل شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەر لوگىكا ئىلمىدە: «قوش ئىنكار ياكى تەكرار ئىنكار»① دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «قوش ئىنكار ياكى تەكرار ئىنكار» دەپ ئاتىلىشى بۇ خىل ھۆكۈملەر تەركىبى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىككى ئىنكار ئۇقۇمىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ياكى بىر ئىنكار ئۇقۇم ۋە بىر ئىنكار سۆزنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز مەخسىتىمىزگە يەتمەي قالمايمىز. بەخت — كۈرەشسىز قولغا كەلمەيدۇ.

ھەر قانداق كىشى تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا بوي سۇنماي مۇمكىن ئەمەس؛

---

① «ئومۇمىي لوگىكا» 155-بەت، «فورمال لوگىكا» 210-بەتكە قارالسۇن.

بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولمىغان پاكىتسىزلىق يۈز بېرىپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ياشلارنى تەربىيىلەش — بەلگىلىك جەرياننى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى ئىنكار ھۆكۈملەرگە بىر قىسىم تەكىتلىگۈچى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق بەلگىلىك مۇقەررەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىنكارى ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاب — ھەرگىزمۇ ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ قوزغىلىشى بىلەنلا غەلىبە قىلىدىغان نەرسە ئەمەس.

بۇ يالغۇز بىر ئادەمنىڭلا ھىكايىسى ئەمەس؛

سۈپىتى بۇزۇلغان يېمەكلىك — ھەرگىزمۇ يېگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقى ھۆكۈملەر تەركىبىدىكى «ھەرگىزمۇ» «يالغۇز ... لا» قاتارلىق سۆزلەر تەكىتلىگۈچى سۆزلەر بولۇپ، ئۇ ھۆكۈملەرنى بەلگىلىك مۇقەررەرلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىنكارى ھۆكۈمگە ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم شەكلى خەنزۇ تىلىدىكى 并非 دېگەن ئىنكار سۆز قوشۇلۇپ كەلگەن ئىنكارى ھۆكۈم شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلغاندا، تەستىقى ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى ھۆكۈم بىلەن ئىنكار ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىنكارى ھۆكۈملەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. چۈنكى تەستىقى ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان «... ھەممىسى ... ئەمەس» «... دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈم بىلەن «ئىنكار ھۆكۈمنى ئىنكا قىلىشتىن كېلىپ چىققان» ...دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەر گەرچە ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە، شۇ ھۆكۈم ئەكس ئەتتۈرگەن شەيئىنىڭ قانداق بەلگىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيدۇ. پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈم ئەكس ئەتتۈرگەن شەيئىنىڭ قانداق بەلگىگە ئىگە بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىشكە يول ئېچىپ بېرىدۇ، ئىنكار ھۆكۈملەرنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان قوش ئىنكار شەكلىدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەر — كىشىلەرنىڭ مەلۇم شەيئى مۇقەررەر ھالدا مەلۇم بەلگىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىدا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلغاندا، ھەممىنى بىر قاياقتا ھەيدەش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ.


AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزى كىشىلەر ئاددى ئىنكارى ھۆكۈملەرنى تەتقىق قىلغاندا، «ئاددى مەنپىي ھۆكۈمنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمى» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «كەسمە ھۆكۈمنىڭ $A \cdot E \cdot I \cdot O$ دىن ئىبارەت تۆت تۈرى ھەممىدە خاس كەسمە ھۆكۈم تۈرى بار. A ھۆكۈمنىڭ مەنپىي ھۆكۈمى $\bar{A}$ دۇر. A بولسا A غا قارىتا ئىنكار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى A نىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. A ساختا بولسا، لوگىكىلىق كىۋادىراتتىكى مۇناسىۋەت بويىچە، O چىن بولىدۇ. دېمەك $\bar{A}$ =(تەڭ قىممەتلىك) O. روشەنكى، خۇددى شۇ قائىدە بويىچە، $\bar{O} \cdot \bar{I} \cdot E \cdot \bar{A}$ لارنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ. $O = \bar{A}$ (A بىلەن O زىت مۇناسىۋەت). $I = \bar{E}$ (E بىلەن I زىت مۇناسىۋەت) $A = \bar{O} \cdot E \sim I$ »① دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى «تەڭ قىممەتلىك» دېگەننى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ زادى O نىڭ ئىنكارى A بىلەن، I نىڭ ئىنكارى E بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولامدۇ؟ بىز بۇ مەسىلىنى تۆۋەندە بىر — بىرلەپ كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«تەڭ قىممەت» چۈشەنچىسى، ماتېماتىكىلىق لوگىكىدىكى بىر ئاساسىي چۈشەنچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى — مەلۇم ئىككى قوشما ھۆكۈمنىڭ تارماق ھۆكۈملىرىنىڭ ھەقىقىي - ساختىلىقىنى تەكشۈرگەندە، شۇ ئىككى قوشما ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي - ساختىلىقى ئوخشاش بولسا، بۇ ئىككى قوشما ھۆكۈم تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىز يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈم بىلەن بىرتارمىقى ئىنكار ھۆكۈمدىن، بىر تارمىقى تەستىقى ھۆكۈمدىن تۈزۈلگەن تاللانما ھۆكۈمنىڭ تارماقلىرىنىڭ ھەقىقىي — ساختىلىقىنى تەكشۈرگەندە، بۇ ئىككى خىل ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي - ساختىلىقىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى يېتەرلىك شەرتكە تايانغان شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ شەرت بولىكىنى p بىلەن، نەتىجە بولىكىنى q بىلەن ئىپادىلەپ؛ تاللانما ھۆكۈمنىڭ ئىنكار بۆلىكىنى >p بىلەن، تەستىقى بۆلىكىنى q بىلەن ئىپادىلەپ ئىككىسىنىڭ ھەقىقىي - ساختىلىقىنى تەكشۈرۈپ سەك، مۇنداق بولىدۇ. (بۇ يەردە ھەقىقىي دېگەننى T بىلەن. ساختا دېگەننى F بىلەن ئىپادىلەيمىز. چۈنكى T ئىنگلىز تىلىدىكى «ھەقىقىي» دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرىپى، F ئىنگلىزچە «ساختا» دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرىپى بولۇپ، ھازىر ھەقىقىي-ساختا دېگەن مەنىدە قوللىنىلماقتا).

| p. | q. | →p. | p→q. | →p∨p |
|---|---|---|---|---|
| T | T | F | T | T |
| T | F | F | F | F |
| F | T | T | T | T |
| F | F | T | T | T |

① «فورمال لوگىكا» 206 – 107 بەتلەر

بۇ يەردە p→q بىلەن p∨q — نىڭ ھەقىقىي ۋە ساختىلىقى قۇرمۇ - قۇر ئوخشاش بولغاچقا، بۇ ئىككى خىل ھۆكۈم تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. قوشما ھۆكۈملەردىكى بۇ خىل «تەڭ قىممەت» چۈشەنچىسىنى ئاددىي ئىنكارى ھۆكۈملەرگە سۆرەپ كىرىش — مېنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى O نىڭ ئىنكارى A بىلەن، I نىڭ ئىنكارى E بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھەممىگە مەلۇم، A ۋە E ھۆكۈملەر ئومۇمىي ھۆكۈم بولۇپ، شەيئىلەردىكى بەلگىلىك ئومۇملۇقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. I بىلەن O ھۆكۈملەر جۈزئىي ھۆكۈم بولۇپ، شەيئىلەردىكى بەلگىلىك قىسمەنلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. روشەنكى ئومۇملۇقتىن قىسمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش قىيىن بولمىسىمۇ، لېكىن قىسمەنلىكتىن ئومۇملۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھەرگىزمۇ ئوڭاي ئەمەس. مەسىلەن: «بارلىق دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخلەردۇر» دېگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلساق، «بارلىق دەرەخلەرنى مېۋىلىك دەرەخ دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىنكارى ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ. ھەتتا «بەزى دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخ بولسىمۇ، بەزى دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخ ئەمەس» دېگەن ھۆكۈمنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ. لېكىن «بەزى دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخ ئەمەس» دېگەن ھۆكۈمنى ئىنكار قىلساق، «بەزى دەرەخلەرنى مېۋىلىك دەرەخ ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ» «بەزى دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخ بولماي قالمايدۇ.» «بەزى دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخ بولماي مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىنكارى ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولسىمۇ لېكىن يۇقىرىقى ھۆكۈملەرنى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن «بارلىق دەرەخلەر مېۋىلىك دەرەخلەردۇر» دېگەن ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئومۇمىي ھۆكۈملەردىن جۈزئىي ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولسىمۇ، لېكىن جۈزئىي ھۆكۈملەردىن ئۇنداق ئاسانلا ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە — تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەقلىي خۇلاسە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى مەسىلىسى بولۇپ، ئومۇمىي ھۆكۈملەردىن جۈزئىي ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش - تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا يەشمە ئەقلىي خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق بولىدۇ. جۈزئىي ھۆكۈملەردىن ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش - يىغما ئەقلىي خۇلاسە ئۇسۇل ئارقىلىق بولىدۇ. يىغما ئەقلىي خۇلاسىنىڭ تەسۋىرىدىن ئېيتقاندا، بەلگىلىك ئومۇملۇقنى تەشكىللى قىلالايدۇ دەپ قارالغان. ھەربىر قىسمەنلىكلەر تولۇق تەكشۈرۈلۈشى، بەلگىلىك ئوخشاشلىقى تېپىپ چىقىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقا، مەلۇم جۈزئىي ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىقلا، مەلۇم ئومۇمىي ھۆكۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولمايدۇ. گەرچە بىز خارەكتېرى ھۆكۈملەر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتتە،

A ھۆكۈم ساختا بولغاندا، O ھۆكۈم ھەقىقىي بولىدۇ. O ھۆكۈم ساختا بولغاندا، A ھۆكۈم ھەقىقىي بولىدۇ. دەپ قاراپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ سوغۇق قانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ-بېقىشىمىز توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىز دەۋاتقان نەرسە - ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلارنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، كىشىلەرنى توغرا تەپەككۇر قىلىش يولىغا باشلىغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى قوشما ئىنكارى ھۆكۈملەرگە كەلسەك، ئوخشاش بولمىغان قوشما ھۆكۈملەرنىڭ ئىنكارى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنداقلا مەلۇم بىر قوشما ھۆكۈمنىڭ ئىنكارىنى ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل شەكىلدە ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن: «بەزى كىشىلەر خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ھەم ئەستايىدىل» دېگەن بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىنكارى ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

(1) بەزى كىشىلەر خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس، ھەم ئەستايىدىل ئەمەس.

(2) بەزى كىشىلەر خىزمەتتە ياكى تىرىشچان ئەمەس، ياكى ئەستايىدىل ئەمەس.

(3) بەزى كىشىلەرنى خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ھەم ئەستايىدىل دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملەر گەرچە بىرلا ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىنكار قىلىنىش شەكلى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى ئوخشاش بولمايدۇ.

بەزى كىشىلەر قوشما ئىنكارى ھۆكۈم ئۈستىدە توختالغاندا، «قوشما مەنپىي ھۆكۈمنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمى»① دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا مەلۇم قوشما ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى ھۆكۈمى يەنە بىر مەلۇم ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماتېماتىكىلىق لوگىكىدىكى بىر قاتار فورمۇلالار ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەكچى بولىدۇ.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈش قارىماققا خېلى مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بىز ئىنكارى ھۆكۈمگە بېرىلگەن تەبىر ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغىنىمىزدا، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەسلى تېمىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەنى ئەسلى تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن قوشما ھۆكۈملەرنىڭ ئىنكارىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەلۇم قوشما ھۆكۈمنىڭ ئىنكارىنىڭ يەنە بىر مەلۇم قوشما ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدىغان ئوخشاشلىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلماي، ئىنكارى ھۆكۈملەر ئۈستىدە توختىلىۋېتىپ بى-

① «فورمال لوگىكا» 206-211 بەتلەرگە قارالسۇن.

راقلا تەك قىممەتلىك ھۆكۈملەر ئۈستىدە ئۆتۈپ كېتىش — ئىككىلەرنىڭ ئىككى ھۆكۈم ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئېنىقسىز بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن تاشقىرى، يەنە مۇھاكىمە تېمىسى يۆتكىلىپ كېتىشتىن ـ ئىبارەت لوگىكىلىق خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن: «مەلۇم بىر شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان، ھەم ئەستايىدىل» دېگەن ـ مۇشۇ بىرلەشمە ھۆكۈمنى تارماق ھۆكۈم قىلغان مەنپىي ھۆكۈم «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس، ھەم ئەستايىدىل ئەمەس»، دېگەن مۇشۇنداق بىر بىرلەشمە ھۆكۈم بولماستىن، بەلكى «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ياكى تىرىشچان ئەمەس. ياكى ئەستايىدىل ئەمەس» دېگەن تاللانما ھۆكۈمدىن ئىبارەت بولىدۇ.»①

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان، ھەم ئەستايىدىل» دېگەن بىرلەشمە ھۆكۈمنى «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس، ھەم ئەستايىدىل ئەمەس» دەپ ئىنكار قىلىش خاتا بولامدۇ؟

مېنىڭچە ھەرگىزمۇ خاتا بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا ئېلىنغان نەقىلنى چۈشەندۈرگۈچىلەر، ئىنكارى ھۆكۈمگە تەبىر بەرگەندە ۋە ئۇنى چۈشەندۈرگەندە: «ئەسلى ھۆكۈم A بولسا (مەلۇم بىر ئاددىي ھۆكۈم بولىشىمۇ ياكى قوشما ھۆكۈم بولىشىمۇ مۇمكىن) ئۇنىڭ مەنپىي ھۆكۈمى غەيرى A بولىدۇ»② دەپ چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ توغرا (ھەقىقىي) — خاتا (ساختىلىق) نى چۈشەندۈرگەندىكى «مەنپىي ھۆكۈم ئەسلىدىكى پۈتۈن بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىدىغان ھۆكۈم بولغاچقا، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توغرىلىق ۋە خاتالىق مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ؛

| A | $\overline{A}$ |
| --- | --- |
| توغرا | خاتا |
| خاتا | توغرا |

يەنى ئەسلى توغرا بولسا، مەنپىي ھۆكۈم جەزمەن خاتا بولىدۇ. ئەسلى ھۆكۈم خاتا بولسا، مەنپىي ھۆكۈم جەزمەن توغرا بولىدۇ»③ دېگەن چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان، ھەم ئەستايىدىل» دېگەن بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمنى «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس» دېگەن شەكىلدە ئىنكار قىلىش — يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشكە تولۇق ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنى «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەممە تىرىشچان، ھەم ئەستايىدىل» دېگەننى A دەپ قارىساق، ئۇنىڭ ئىنكارى بولغان «مەلۇم شەخس خىزمەتتە ھەم تىرىشچان ئەمەس، ھەم ئەستايىدىل ئەمەس.» دېگەننى غەيرى A دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەم مۇشۇ ئىككى ھۆكۈمنىڭ ھەقىقى، ساختىلىقى ئۆز ئارا زىت بولىدۇ.

---

①«ئۇمۇمىي لوگىكا»156-155 بەتلەر.
② «ئۇمۇمىي لوگىكا» 154-153 بەتلەر
③ «ئۇمۇمىي» لوگىكا» 155-154 بەتلەر.

شۇنداق بولغاچقا، قوشما ئىنكارى ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرگەندە، مەلۇم ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى يەنە بىر مەلۇم ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈش ئىنكارى ھۆكۈمگە بېرىلگەن تەبىر ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە ئۇيغۇن بولماي قېلىپ ئىنكارى ھۆكۈمنى تەتقىق قىلىشتىن، تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمگە ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىبارەت مۇھاكىمە تېمىسى يۆتكىلىپ كېتىشتەك لوگىكىلىق خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ماتېماتىكىلىق لوگىكىدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر قوشما ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى يەنە بىر قوشما ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن: دەمورگېن①نىڭ: بىرلەشمە ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى-تاللانمىلىرى ئىنكار بولغان تاللانما ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ. تاللانما ھۆكۈمنىڭ ئىنكارى — بىرلەشمىلىرى ئىنكار بولغان بىرلەشمە ھۆكۈم بىلەن تەڭ قىممەتلىك بولىدۇ. دېگەن مەشھۇر تېئورمىسى ۋە باشقا قوشما ھۆكۈملەرنىڭ ئىنكارى بىلەن يەنە باشقا قوشما ھۆكۈملەر تەڭ قىممەتلىك بولىدىغان ئەھۋاللار. لېكىن بۇ خىلدىكى تەڭ قىممەتلىك بولۇش، -مۇتلەق ھالدىكى تەڭ قىممەتلىك بولۇش، يەنى مەلۇم قوشما ھۆكۈمنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈملىرى بىلەن يەنە بىر قوشما ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق تەڭ قىممەتلىك بولۇش ئەھۋالى بولالماستىن، بەلكى مەلۇم قوشما ھۆكۈمنىڭ مەلۇم شەكىلدىكى ئىنكارى ھۆكۈمى بىلەن مەلۇم قوشما ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ قىممەتلىك بولۇش ئەھۋالىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ خىل ئەھۋالنى ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تولۇق تەكشۈرۈپ، مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، مەلۇم شەكىلدىكى قوشما ئىنكارى ھۆكۈمنى باشقا قوشما ھۆكۈملەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا مەلۇم شەكىلدىكى قوشما ئىنكار ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىي قىممىتى يەنە مەلۇم خىلدىكى مۇنداق قوشما ھۆكۈم بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي قىممەتلىرى ئوخشاش بولغان ھۆكۈملەر تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈم بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلماي ھېچبىر سەۋەبسىز «قوشما ئىنكارى ھۆكۈمنىڭ تەڭ قىممەتلىك ھۆكۈمى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇش مىنىڭچە مۇۋاپىق ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، قوشما ئىنكارى ھۆكۈم ئۈستىدە توختالغاندا، ئالدى بىلەن قوشما ئىنكارى ھۆكۈملەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى كېلىپ چىقىش ئەھۋاللىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەلگىلىك ئىلمىي ئەمەلىي قىممىتىگە ئىگە بولغان «تەڭ قىممەتلىك بولۇش» ئەھۋالىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەرنى قوشما ئىنكارى ھۆكۈم ھەققىدە ئېنىق ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «ئىنكارى ھۆكۈم» ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىم. مەسىلىلەرنى چۈشۈنىشتە تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاشتا بەلگىلىك سەۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي ياردىمىگە مۇختاجمەن.

---

① ئاۋگوستدى مورگېن (1806-1876) ئەنگىلىيىنىڭ ماتېماتىكا ۋە لوگىكا ئالىمى

# «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى «قىرىق» مۇقەددەسلىكى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت

يارمۇھەممەت تاھىر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىسى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «قىرىق» مۇقەددەسلىكى نەچچە ئەسىرلىك ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارا - بارا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خاراكتېرلىك مىللىي مەزمۇنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كىشىلەر چۈشەنچىسىدە ئىسلام دىنى شەرىئىتىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالغان. ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق «قىرىق» ئۇقۇمىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ئېتنوگرافىيىسى، ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ - ئادەت، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي چۈشەنچە تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ھېس قىلىمىز — مەن بۇ ماقالە ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە»① ھە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنى ۋە ئۆزىنىڭ تارىختىكى ئەنئەنىۋى ئىزلىرى، شۇنىڭدەك مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە ئۇيغۇر تارىخىدا تۇتقان ئورنى ھەم زامانىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان «قىرىق» چۈشەنچىسىگە باغلىنىشلىق بولغان، خاس مىللىي ئەنئەنىمىز بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھەققىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈزەكى كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## I

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئۆزىدە ئۇدۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن تارىخىي ئېپوس «ئوغۇزنامە» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تارىخىي پاكىتلىقىنىڭ موللىقى ۋە ئەپسانىۋى ھەم رىۋايەتلىك ئامىللار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىردەك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزگە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە بىلىش ئەھۋالىنى ناھايىتى جانلىق ۋە ئوب-

رازالىق رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن مۇھىم ھۆججەت. «ئوغۇزنامە» ئەپوسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شۇنچە كۆپ ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئىچىدە «قىرىق» چۈشەنچىسى ناھايىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى دەرھال ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. دىققەت قىلىدىغان بولساق، «ئوغۇزنامە» دە مۇھىم ئورۇن تۇتقان «قىرىق» مۇقەددەسلىكى تاسادىپىي ياكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ھادىسە سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالغان ئۆلچەم بىرلىكى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ، خەلقنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى، سىياسىي خاراكتېرلىك چوڭ مۇراسىملىرى ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرى قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن.

«ئوغۇزنامە» نىڭ بېشىدىلا ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەم ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى تەسۋىرلەيدىغان مۇنداق قۇرلارنى كۆرىمىز: «بىر كۈنى ئاي خاقاننىڭ كۆزى يورىدى، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز - چىرايى كۆك ئىدى، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى، ئۇ ھۆرى - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنى بىر قېتىم ئېمىپلا ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى، تىلى چىقىشقا باشلىدى، قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى. ماڭدى، ئوينىدى، ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى»① يۇقىرىقى بايانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئەپوستىكى ئورنى ۋە خەلقنىڭ ئوغۇز خانغا بولغان ئېتىقادى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوغۇزخان ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. چۈنكى، بۇ ئوغۇز خاننىڭ كېيىنكى خاسىيەتلىك ۋە ئۇلۇق تۆھپىسىنىڭ خەلق چۈشەنچىسىدە قوزغىغان ئىنكاسى ئىدى. ئۇنداق بولسا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئوغۇز خاننىڭ قىرىق كۈندىن كېيىن ئەقلى توشۇپ سۆزلەپ ماڭالىغان» لىقىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ مېنىڭچە «ئوغۇزنامە» دىكى «قىرىق» ئۇقۇمىنىڭ ئەپوسنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ھەر خىل ئىپادىسى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ۋە دەۋرىمىزدە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە قوللىنىلغان مەزمۇن دائىرىسىدىن قارىغاندا «قىرىق» چۈشەنچىسى كامالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىنى، بېجىرىملىكىنى، پۈتۈنلىكىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان «مۇقەددەس» ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. ئەگەر «قىرىق» ئۇقۇمىغا ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە سىياسىي نۇقتىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىنسا شۆھرەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن جەمئىيەتتىكى سالتەنەت دەرىجىسىنىڭ كامالىتىنى ئىپادىلىگەن. ھەربىي كۈچ، ئەسكىرىي يۈرۈش ۋە ئەسكىرىي تۈزۈلمە نۇقتىسىدا قوللىنىلسا قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەربىي باشلىقچىنىڭ يۇقىرى چېكىنى ئىپادىلەپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق ھەربىي

يۇرۇشىنىڭ «قىرىقىنچى» كۈنى خاسىيەتلىك كۈن دەپ قارالغان. يۇقىرىقىدەك ئورۇن-
لاشتۇرۇشنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى، «مۇقەددەس، ئورۇنلاشتۇرۇش» دەپ چۈشەن-
گەن. يەنە مەلۇم جەھەتتە ئۆزلىرىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن.
ھەر خىل تۇي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق، مېھمانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان زىياپەت سو-
رۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە «قىرىق» مۇھىم بىرلىك ھەم يۇقىرى
ئۆلچەم قىلىنىپ، شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنى خاسىيەتلىك ھەم بەخت - سائادەت-
نىڭ مەسئۇلى سۈپىتىدە چۈشەنگەن. بىز يۇقىرىقىدەك چۈشەنچە بويىچە «ئوغۇزنامە»
ئېپوسىنىڭ باشتا جايلىرىدا تۈرلۈك شەكىلدە قوللىنىلغان «قىرىق» مۇقەددەسلىكنى
ئاساس قىلىپ، شۇ بويىچە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى تەكشۈرگەندە بولساق مۇنداق
ئىجتىمائىي مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاننىڭ ئىككى ئىلاھىي خوتۇنغا ئۆيلەنگەنلىكى، كۆك ئىلاھى
(ئاسمان ئىلاھى) نىڭ قىزىدىن ئۈچ ئوغۇل تېپىپ كۈن، ئاي، يۇلتۇز دەپ ئىسىم
قويغانلىقى، سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىدىن بولغان ئۈچ ئوغلىغا كۆك (تەبىئەتتىكى يېشىللىق ۋە
دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپ - كۆك زۇمرەتتەك ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان) تاغ، دېڭىز دەپ
ئات قويۇپ بۇ ئوغۇللارنىڭ شەرىپىگە چوڭ تۇي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.
بۇ ئەھۋال ئېپوستا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خان چوڭ
تۇي بەردى، ئەل جامائەتنى تەكلىپ قىلدى، ئۇلار كېلىپ قاتناشتى، قىرىق، شىرە،
قىرىق ئورۇندۇق ياساتتى، كۆپچىلىك تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەرنى يېيىشتى، تۈرلۈك
مەي - شارابلارنى ئىچىشتى...②» يۇقىرىقى بايانىنىڭ مۇنداق ئۈچ ئىشقا ئىشارەت
قىلىنغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىرى: ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغۇلغا ئاتا بولۇشى ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق
بەخش ئەتتى. چۈنكى، ئالتە ئوغۇل ئوغۇز خاننىڭ يۇرتىنى پۈتۈن قىلدى. ئۇنىڭ
يىرىكلىك دۆلەت باشقۇرۇشىدا بالىلىرى مۇھىم يۆلەنچۈكلۈك رول ئوينايتتى.

ئوغۇزلاردا پەرزەنتنى بەخت ۋە بايلىق دەپ بىلىش قەدىمدىن تارتىپ داۋام-
لىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەردىن بىرى: يەنە بىر تەرەپتىن ئوغۇز خان چوڭقۇر
مەنىۋىيات ۋە بەخت ھېسسىياتىغا چۆمگەن، چۈنكى ئۇ دۆلەتنىڭ كېيىنكى تەقدى-
رىدىن، ئىزىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن خاتىرجەم بولغان ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، ئوغۇز خاننىڭ يۇقىرىقىدەك بەختلىك ھېسسىياتى ئەلۋەتتە ئەل-
جامائەتنىڭ خۇشاللىقى بىلەن بىرگە ئىدى؛ شۇڭا ئۇ ئەل - جامائەتنى يىغىپ
كاتتا تۇي سورۇنى ياساپ قىرىق شىرە، قىرىق ئورۇندۇق ياساپ زىياپەت ئورۇنلاش-
تۇرۇشى بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك بەخت - سائادەتنىڭ، خاتىرجەملىك-

ئىلىق ۋە ئىشەنچنىڭ ئىپادىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شاھانە زىياپەت شان-
شەرەپنىڭ داغ - دۇغىسى ۋە ھەشەمەت دەبدەبىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «ئوغۇزنامە»
دە «قىرىق» يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي
ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان تۆتىم (بۆرە) ئىلاھى بىلەن باغلىنىپ تېخىمۇ
مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن.

ئوغۇز خان راسا قۇدرەت تېپىپ ئەتراپىدىكى بارلىق تارقاق بەگلىكلەرنى بىر-
لەشتۈرۈپ مەركەزلەشكەن، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ئۇ بارلىق
تارقاق قەبىلە باشلىقلىرىغا مەكتۇپ يازىدۇ. كۆپلىگەن تارقاق بەگلىكلەر ۋە قەبىلە
باشلىقلىرى بوي سۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سوغا - سالام ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق
«سول تەرەپتىكى ئۇرۇم» خانلىقى بوي سۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن
ئوغۇز خان ئۇرۇم خان ئۈستىگە قوشۇن تارتىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىدۇ. بۇ ئەھۋال
«ئوغۇزنامە» دە مۇنداق شەكىلدە ئەكس ئەتكەن. ئوغۇز خان ئۇرۇمغا ئەسكەر تار-
تىپ قىرىق كۈندىن كېيىن مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى، چېدىر
تىكىپ، شۈك بولۇپ ئۇخلاشتى، تاڭ سۈزۈلگەندە ئوغۇز خاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك
بىر نۇر چۈشتى، ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق چوڭ بىر ئەر-
كەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇز خاقانغا مۇنداق دېدى: «ھەي ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا
ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن»③ دېيدۇ. دېگەندەك ئو-
غۇز خان كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىتىل دەريا بويىغا
بېرىپ ئۇرۇم خانلىقى بىلەن ئېلىشىپ ئۇرۇم خاننىڭ دۆلىتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ.
يۇقىرىدىكى بايانلاردىن مۇنداق ئىككى ئەھۋالنى ھېس قىلىمىز.

بىرى. تۆتىم (بۆرە) ئىلاھىمۇ ئوغۇز خاننىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشىنى
ئالاھىدىلىك يۈرۈش دەپ ئۇنى قوللايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي يۈرۈشنىڭ 30 -
كۈنىدىمۇ ئەمەس 39 - كۈنىدىمۇ ئەمەس 40 كۈندىن كېيىنمۇ ئەمەس دەل 40 كۈن
توشقان كېچىسى «ئىلاھى بۆرە» نىڭ پەيدا بولۇپ ئەتىسى ئۇنىڭ يول باشلىغان-
لىقىدەك خاسىيەتلىك يارىشى ئوغۇز خەلقىنىڭ قەدىمكى چۈشەنچىسى بويىچە 40 كۈنلۈك
يۈرۈشنىڭ خاسىيەتلىك يۈرۈش ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى، يۇقىرىدىكى مۇقەددەس
ئۆلچەم دەپ چۈشەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىگە بەخت - سائادەت
ئاتا قىلغۇچى ئۇلۇق خاقان دەپ ئىلاھىي قىياپەتتە تونىغان ۋە شۇ چۈشەنچە بو-
يىچە تەسۋىرلىگەن. ئوغۇز خان تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن چوڭ بولۇپ ئەقىل -
ئىدرەكتە يېتىشكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار بىلەن يۇقىرىدىكى «خاسىيەتلىك» ھا-

دىسىنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئوغۇز خان ئىلاھى ئوغۇل ياكى قۇدرەت بىلەن ئاي خاقان ئارقىلىق يارىتىلغان مۇقەددەس خاقان، (كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە) شۇڭىمۇ ئۇ قىرىق كۈندە تىلغا كىرىپ، ئەقىل - ھۇشىدا ئىگە بولالىدى. (بۇ خۇددى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي نۇر ئارقىلىق بۈۋى مەريەم قوسىقىدا يارىتىلغان ئاللانىڭ ئوغلى دەپ تونۇلغانغا ئوخشاش «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇز خاننىڭ دادىسى توغرىسىدا ياكى دادىسىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ھېچقانداق سۆز ئېچىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسلانغاندا.)① بۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا «قىرىق» چۈشەنچىسىنى خەلقىمىزنىڭ ئوغۇز خانغا بولغان مۇقەددەس ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا ھەم بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى توغرىسىدا يارىتىلغان «بۆرە تۈرك خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادى» دېگەن ئەپسانىۋى چۈشەنچىگە ئاساسەن، خەلق ۋاستىلىق ھالدا ئوغۇز خاننى بۆرە ئىلاھىغا باغلاپ چۈشەندۈرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

«ئوغۇزنامە» دىكى «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك ئىپادىسى-ئېپوسنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنغان بولۇپ ئوغۇز خاننىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق قېرىنداش بۆلۈنمە قەبىلىلەرنى ۋە دۈشمەن بەگلىكلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن چاقىرغان، كەڭ كۆلەملىك ۋە ھەشەمەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ئەنئەنىۋى مەلىكى مەزمۇنىدا ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ناھايىتى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئوغۇز خان ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇش بىلەن يەنە ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خانلىقىنى، سول تەرەپتىكى ئورۇم خانلىقىنى، جۇرجىت خانلىقىنى ئاندىن سىندۇ، تاڭغۇت تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەرلەرنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، ئاخىرىدا بارقان دېگەن جايلارغىچە بېرىپ ئۇ يەرلەرنى سەلتەنەت ئاستىغا ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۇلۇغ تۈركنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۆزى ئىگىلىگەن جايلارنى ئالتە ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىش يۈزىسىدىن چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئەنئەنىۋى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئېپوستا مۇنداق سۈرەتلەپ بېرىلگەن: خان، بارگاھىنىڭ «(ئوڭ تەرىپىگە) قىرىق غۇلاچلىق بىر ياغاچنى قاداتتۇرىدى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى؛ سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇرىدى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بوزئوقلار ئولتۇردى، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى، قىرىق كېچە - كۈندۈز

① «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بېشى كەمتۈك. شۇڭا بۇ توغرىلىق كېسىپ بىر نەرسە دېيىشكە تولۇق ئاساس يوق.

www.uyghurkitap.com

تويى بولدى④» ھۆرمەتلىك كىتابخانلار گەرچە بىز ئوغۇز خان دەۋرىدىن نەچچە مىڭ يىل كېيىنكى، يەنى بۈگۈنكى دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، «ئوغۇزنامە» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى بەدىئىي مەنزىرە كارتىنىسى بىزگە مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى ئوغۇز خان سەلتەنىتىنىڭ يۇقىرى كامالىتىنى، شانۇ - شەۋكىتىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەنسەي دەريا بويلىرىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ زور دەرىجىدە بىرلىشىپ قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

«ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇز خان بولسا پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلەشكەن، ئىتتىپاقلاشقان بىر بۈيۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۇلۇق خاقان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ تۈركىي خەلقلەر ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك خاقانىنى ئۇلۇغلاپ، ھەتتا ئۇنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلاپ كەلگەن.

يۇقىرىدا مىسال ئېلىنغان ئېپىزوتتىكى خان بارگاھىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپكە تىكىلگەن قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا ئوغۇز خان سەلتەنىتىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىمۇ ئاساسلىقتكى، ئوغۇز خان باشقا قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇشتىن بۇرۇنمۇ خېلىلا قۇدرەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ يۈرەكلىك بىلەن: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن. مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن، كىمىكى مېنىڭ ئاغزىمغا باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن. كىمىكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن لەشكەر تارتىپ، ئۇنى ئۆزەمگە دۈشمەن تۇتىمەن، لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ»⑤ دەيدۇ. مانا بۇ يالتىراق، مەغرۇر خىتابىنىڭ ئۆزىلا ئوغۇز خاننىڭ ئاللىبۇرۇنلا خېلى قۇدرەتلىك بىر خانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ يەككە - يېگانە قۇدرىتىنىڭ دۇستىنىكىم ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىمپېرىيە قۇرۇش مەقسىتىدىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى؛ شۇڭا ئۇ بۇ ۋاقىتتا قىرىق غۇلاچلىق خادا تىكلەپ قۇرۇلتاي چاقىرالمىستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئالىي مەقسىتى بولغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇقەددەس غايىسى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن قىرىق غۇلاچلىق خادا تىكلەش شان - شەرىپىگە ئىگە بولدى. چۈنكى ئوغۇز خان ئەمدىلا قۇدرەتلىك، مۇستەھكەم ۋە يىمىرىلمەس ئاساسقا ئىگە بولغان ئىدى؛ يۇقىرىدىكى قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولغانلىقى ھەققىدىكى بايانغا كەلسەك ئۇ يۇقىرىدىكى پىكرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئاساسلار بىلەن تولۇقلاش ئۈچۈن

مۇھىم پاكىت. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى شاھانە توي - مەراسىملىرىدىن شۇ ئىش مەلۇمكى، پەقەت چەكسىز قۇدرەتكە، مول ئىقتىسادىي بايلىقتا ۋە يۇقىرى ھەرجەھەتتىكى سىياسىي ۋە مەدەنىي ئورۇندا ئىگە بولغان پادىشاھلارلا تىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ يۈرۈش شەرىپىگە ئىگە بولالايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بايان قىلىنغان «قىرىق» قا مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن مۇنداق ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

I

«ئوغۇزنامە» دە ئەكس ئەتكەن مۇنداق ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئاساسلارغا تايىنىپ، شۇ ئىز بىلەن تەكشۈرىدىغان بولساق «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى رىشتىسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى «ھۇن ئىمپېرىيەسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك، باتۇر تەڭرىقۇت ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىمۇ، كېيىنكى دەۋردە قايتىدىن سىياسىي سەھنىگە چىققان باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدىمۇ خېلى زور ئەھمىيەتلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، «قىرىق» مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسىنىڭ زەنجىرسىمان ھالدا ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى بايقايمىز. «ئوغۇزنامە» دە گەۋدىلىك ئەكس ئەتكەن بۇ مۇقەددەسلىك ھۆرمىتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، گۈزەل بىر قىياپەت بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھايات پائالىيەت شەكىللىرىدە، مەدەنىي تۇرمۇشىدا ئۆزگىچە ھاياتىي كۈچ بىلەن نامايەن بولۇپ كەلگەن.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەريانىدا كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ھۇنلار بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى.

بۇ ئالىملار ھۇنلار بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۇن دەۋرىدىكى جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئورتاقلىقى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، ئەنئەنىۋى ئېتىقاد تەرەپتىكى بىردەكلىك، دەۋرىمىزگىچە ھۇن تىلىدىن قالغان ئاتالغۇلارنىڭ تۈركىي تىلىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە جانلىق پاكىتلارغا ئاساسلانغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى تۇرغۇن ئالماس «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئىپادىسىنى تاپقان بەزى مۇھىم تارىخىي پاكىتلار بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋە كېيىنكى ھەربىي يۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردىكى بەزى ئورتاقلىقلارنى يۇقىرىقى بىر قاتار ئوخشاشلىقتا بىرلەشتۈرۈپ، باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خان ئۆزى شۇ بولۇشى مۇمكىن- دېگەن ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە يۇغۇرۇپ مۇكەممەل بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ دەۋرىمىزگە كەلگەنلىكى، ئوغۇز خاننىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبراز ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئوغۇزنامىنى ئوقۇل بىر تارىخىي شەخسكە باغلاشقا بولمايدۇ. «ئوغۇزنامە» دە خاراكتېرلىك ئەكس ئەتكەن«قىرىق» ئەنئەنىسىنىڭمۇ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ھۆرىدىمۇ مەلۇم جەھەتتە ئاساسەن، ھەربىي قۇرۇلۇشىدا (باشقا مەزمۇندا ئەكس ئەتكەن تەرەپلىرى بىرگە ئالمىغاندىمۇ) مۇقەددەس چۈشەنچە سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى «ھونلار» بىلەن «ئوغۇز» لار ئارىسىدا بىر جەمەتتىن دەۋەييەن ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 – يىلىدىن مىلادىدىنىڭ 216 – يىلىغىچە 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھۇن ئىمپېرىيىسى باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە راسا قۇدرەتلىك باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ شىددەت بىلەن كۈچىيىشى ئەينى ۋاقىتتىكى خەن سۇلالىسىغا ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 201 – يىلى خەن سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە كۆپ زىيانلارغا ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك ئەۋجىگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ليۇباڭ 325 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ ھۇنلارغا قارشى ماڭغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت

مىللادىن 40 تۈمەنلىك ئاتلىق ھۇن قوشۇنلىرىنى ھازىرقى تاتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئېدىرلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ مۆكۈپ ياتقان، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالغان خەن قوشۇنلىرى 7 كېچە – كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ كۆپىنچىسى ئاچارچىلىقتىن قىرىلغان، ئاخىرى ئۇلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئايالىغا كىرىپ يېلىنىپ – يالۋۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردا ئالتۇن بېرىپ شۇ يول بىلەن قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىققان⑥. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 40 تۈمەن قوشۇنى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي تۈزۈمىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ پەقەت ئاتلىق مۇنتىزىم قوشۇنىنى 40 تۈمەنلىك ئۆلچەم بىلەن قۇرغانلىقى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەينى دەۋر ئېتىبارى بىلەن ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە كەئىنگە ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا بىر تەرەپتىن ئەڭ كۈچلۈك تەڭداشسىز ھەربىي سالاھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە بىر تەرەپتىن مىللىي ئەنئەنىۋى ۋارىسچانلىقنىڭ ئىپادىسى، «ئوغۇزنامە» دىكى پاكىتلارغا

قارىخانىدا پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى باشقا ھەر قانداق دۆلەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك سىياسىي ئورنىغا ئىگە بولغانىدىلا ئاندىن «قىرىق» بىرلىكىنى قوللىنىش شان - شەرىپىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. ئەمەلىي ئاساسلارغا قارىغاندا باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە پۈتۈن تۈركىي ۋە باشقا كۆپلىگەن قەبىلىلەر ھۇن ئىتتىپا-قىغا كىرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن ھۇن ئىمپېرىيەسى ناھايىتى قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ سۈپى-تىدە قەد كۆتىرىپ نەتىجىدە خەن سۇلالىسىنىمۇ قىز بېرىپ سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان.

يەنە بىر تەرەپتىن ھۇن قوشۇنىنى يەنىلا شۇ «قىرىق» تۈمەن دەپ قاراشقا ئاساسىمىز يوق. بۇلاردىن باشقا ئوردا مۇھاپىزىتى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان، پەيدىنپەي بولۇپ يەنە كۆپەيگەن قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى گەپ شۇكى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ 40 تۈمەندىن ئارتۇق ياكى كۆپ ئەمەس دەل 40 تۈمەنلا قوشۇن تارتىپ چىققانلىقى يۇقىرى سەلتەنەتنىڭ ئىپادىسىدىن كۆرە بەلكى، يەنە غەلىبىنىڭ، غەنىيمەتكە بولغان تولۇق ئىشەنچىسىنىڭ، قۇتلۇق ئۇرۇشنىڭ سىمۋولى ۋە ئېتىقادىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ھۇنلار ھەربىي تۈزۈلما ئۈچۈن قوللانغان بۇ ئەنئەنە كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقانلىقى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم. 11 - ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن بىر مۇنچە رىۋايەت ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە «قىرىق» چۈشەنچىسىنىڭ ئىخچام زور مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ھەتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرىمىز: مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان» دا ئارسلان تېكىن بىلەن كاپىرلارنىڭ بىر قېتىملىق ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر رىۋايەتنى مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈركە بۇدراج» بىلەن بىللە بولغان كاپىرلارنىڭ سانى يەتتە يۈز مىڭ ئىدى. قىرىق مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېكىن غازىغا قارشى جەڭدە تەڭرى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى»⑦.

مەھمۇت قەشقىرى يەنە «تۈركەن» ئاتالغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنى مىسال ئېلىپ، زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كەلگەندە تۈرك خاقانى شۇ «خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىپ تاپقان 40 كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەن ئىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەي-دىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن،⑧ دەپ بايان قىلىدۇ. ئا-خىردا زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاقان شەھەرنى ۋاقىتنىچە بوشىتىپ يەنە شۇ خاقانى چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەر

نەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يېقىن بىر يەردە خاقان، زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ (40 نەپەر بولۇشى مۇمكىن. ئا) زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئىرقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىدىن كېيىن زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھى تۈزگەن.

يۇقىرىقى ھۇن دەۋرىدىكى 40 تۇمەنلىك ھەربىي قۇرۇلما، ئارسلان تېكىننىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ھەربىي تۈزۈلمىسى، تۈركلەرنىڭ 40 تىن تەركىپ تاپقان چارلىغۇچى تىمىسى، شۇنداقلا ھەممىسىدە تازا نىشان غەلىبىسى بىزگە ئوغۇز خانىدىن تارتىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىكى ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى (تۈركى خەلقلەر) ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، ھۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئورتاقلىقتا كۆرە «قىرىق» مۇقەددەسلىك ئالاھىدە خاراكتېرلىك مىللىي ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي تىمىسى بولغان، ھەربىي تۈزۈلمىسىدە ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

«قىرىق» چۈشەنچىسى يالغۇز ھەربىي تۈزۈلمىدىكى ئەنئەنىدىلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالماستىن بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، تەڭ باراۋەرلىكنى ئارزۇ قىلغان غايىۋى ئىستەكلىرى، مۇھەببەت ساداقىتىنىڭ كامالەت ئۆلچىمى، شائىرلىق كامالىتىنىڭ بەزى ئۆلچەملىرى ۋە باشقا يەنە تۈرلۈك مەزمۇنلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى يېڭى - يېڭى دەۋرلەر بىلەن گۈزەللەشتۈرۈشتە رولىنى ئوينىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇنداق ئىككى ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن:

ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش 40 يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس.⑨

قىرىق يىلغىچە باي بولغان كەمبەغەل تەڭلىشىدۇ.⑩

بۇ ئىككى مىسالدىن بولۇپمۇ ئىككىنچى ماقالىدىكى مەزمۇندىن كۆرۈش مۇمكىنكى، خەلقىمىز «قىرىق» نىڭ مۇقەددەسلىك ئورنىنى، باياشات تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل تەلپۈنۈشى بىلەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى، باينىڭ باي بولۇشى، كەمبەغەلنىڭ كەمبەغەل بولۇشى مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكى، بۇ خىل تەڭسىزلىك ھامان ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ۋە تارىخىي ھەقىقەتلەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرنى يەنىلا ئاپىرىپ «قىرىق» چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت بۇ ئېتىقاد زىمىنى ئۈستىگە چاچقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئەينىكى

ھېسابلانغان ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى، رىۋايەتلەردىكى بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا «قىرىق» ئۆلچىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانى مۇھەببەت ساداقىتىنى ھەم باتۇرلىقىنى ئۆلچەيدىغان تارازىلىق رول ئوينىغان. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى كەڭرى تارقالغان بىر چۆچەكتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: بىر پادىشاھنىڭ ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەقىل - پاراستى كۆيلىگەن خان زادە ۋە مۇھەببەت ئاشىنالىرىنىڭ ئىشىق ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. كۆيلىگەن باي خوجاملارنىڭ پەرزەنتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىدىكەن. بىراق قىز ھېچقايسىسىغا ئۇنىمايدىكەن. پەقەت ئۇنىڭ مۇنداق بىر شەرتى بار ئىكەن: «مەن 40 ۋاخىنلىق بىر شوتا ياسىتىپ ئۇنى تىكلەيمەن؟ كىمدە كىم ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ شۇ شوتا ئۈستىدىن چىقىپ ئۆتەلىسە شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپتۇ. كۆيلىگەن ھەۋەسكارلار بۇ خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلالماي بولسىمۇ، مۇھەببەت تاجى نېسىپ بولماپتۇ؛ ئاخىرى بىر كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ئۇچقۇر ئاتقا منىپ قاناتلىق قۇشقا ئوخشاش شوتا ئۈستىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ باتۇرلۇقنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ قەلبى مۇھەببەت نۇرى بىلەن يورۇپتۇ، ۋە ئۇنىڭ بىلەن 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپتۇ. 15 - 16 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن بىر رىۋايەتتە: ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق بەگلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى ھۆسنى - جامالدا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئەقىل - پاراسەتتىمۇ تەڭداشسىز ئىكەن.

ئۇ بىلىم - ھېكمەتتە ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان بىر يىگىتكە تېگىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ئۇ: 40 پەشتاقلىق راۋاق ياسىتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرىمەن، كىمدە كىم بىرىنچى پەشتاقتا غەزىپىمنى قوزغايدىغان، ئىككىنچى پەشتاقتا خۇشال قىلىدىغان، ئۈچىنچى پەشتاقتا يىغلىتىپ، تۆتىنچى پەشتاقتا كۈلدۈرىدىغان... يەنە مۇشۇ تەقلىتتە 40 پەشتاقىچە ئاشۇنداق رەۋىشتە ھەر خىل قارىمۇ - قارشى ھېسسىياتقوزغايدىغان 40 بېيت ئېيتالىسا شۇنىڭغا تېگىمەن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىي قابىلىيەتتە يېتىشكەن، ئەقىللىق، بىلىملىك بىر يىگىت ① قىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ قىزنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولۇپتۇ» بۇ رىۋايەتتە مۇھەببەت سىنىقى بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ سىنىقى يۇغۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ «قىرىق» ئۆلچىمىنىڭ ھەتتا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىمۇ مۇئەييەن تۈرتكىلىك رول ئوينى-

① رىۋايەتنىڭ يەنە بەزى ۋارىيانتلىرىدا بېيت ئېيتقۇچى يىگىتنى ناۋايى دەپ ئالغان. بىراق ناۋايىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ھاياتى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا بۇ رىۋايەتتىكى ۋەقەنى ناۋايىغا باغلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ رىۋايەتتە كەلتۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە بەدىئىي قۇۋۋىتىمۇ ناۋايىنىڭ دېيىشكەنمۇۋاپىق ئەمەس.

ھادىسىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئالدىنقى چۆچەكتە بولسا ھەقىقىي مۇھەببەت باتۇرلۇقنى، قورقماس يۈرەكلىك ۋە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان يىگىتلىرى كامالەتنى شەرت قىلغان.

ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە بېغىشلانغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنغان: ھۈسەيىن مىرزىنىڭ 40 ۋەزىرى بولغان ئىكەن. قىرقىنچىسى ئەلشىر ناۋائىي ئىكەن. بىر كۈنى بىركىم 40 ۋەزىرى ئەلشىر ناۋائىيغا تۆھمەت قىلىپ، ئىغۋا تارقىتىپ ئۇنى ھۈسەيىن مىرزىگە چېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن مىرزا ناۋائىينى ۋەزىرلىكتىن ئېلىۋېتىپتۇ...»⑪ رىۋايەتنىڭ داۋامىدا ناۋائىيدىن باشقا 39 ۋەزىرى ھۈسەيىن بايقارانىڭ تۇرۇقتا قاراپ «ئېلىپ كېلىڭ» دېگەن سۆزىنى چۈشەنمەي ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ تەلىپىنى ئورۇنلىيالماي، ئاخىرى ناۋائىيغا يېتىنراق بىرى ناۋائىي قېشىغا بېرىپ «ئېلىپ كېلىڭ» نىڭ ئەسلى كۆزدە تۇتقان تەلىپىنى تۇتۇپ كەلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ھۈسەيىن بايقارانىڭ قىرىق ۋەزىرى بولغانلىقى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. بىراق، ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمدە تەڭداشسىز كامالىتىنى نامايەن قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن «قىرىق» تىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سىمۋوللۇق ۋاستىنى تاللىغان. ھۈسەيىن بايقارانىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپەيتىۋېلىپ 40 قا يەتكۈزۈلگەنلىكى، ناۋائىينى بولسا 40 - ئورۇنغا قويغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 39 ۋەزىرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ناۋائىينىڭ ئەقىل كامالىتىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويغانلىقى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلاردا ئىپادە قىلىپ بېرىلگەن «قىرىق» ئەنئەنىسىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدە ئىپادىلىنىشىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى چۆچەكلىرىدە «قىرىق كېچە - كۈندۈز تاماشا قىلىپ بېرىش»، «قىرىق خېچىردا سوغا - سالام ئېلىپ ئەلچىلىككە بېرىپتۇ»، «قىرىق تۆگە بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ»، «قىرىق كېنىزەك بىلەن سەيلى تاماشاغا چىقىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش گۈزەل سىمۋول بىشارەت سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھال شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، «ئوغۇزنامە»دىكى 40 كېچە-كۈندۈزلۈك تاماشانىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان غايىۋى مەنزىل بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىيات شەكلى ئارقىلىق ئىزھار قىلىنغانلىقىنى، ھەممە شۇ يول بىلەن بۇ مىللىي ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۇلۇغۋار غايىۋى تۇرمۇشنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خەلقىمىز قەلبىدە يېڭىچە ھېس - تۇيغۇ قوزغاش رولىنى ئۆتىگەن-

لىكەنى ئۇختۇردۇ.

يەنە شۇنىسىمۇ خاراكتېرلىقكى، «ئوغۇزنامە» دىكى «قىرىق مۇقەددىمىلىكى» نىڭ ئىپادىسى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى «قىرىق» نىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ماھىيەتلىك مەزمۇنى بىر ياقتىن تەكشۈرگەندە، ھەممىسىدە بىر خىل ئورتاقلىق ۋە بىردەكلىك گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

## II

بىز ھازىر 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاۋاتىمىز، يەنى ئوغۇز خاقاندىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم مىڭ يىل كېيىنكى تارىخىي دەۋردە ياشاۋاتقان ئەۋلاتلار شۇنداق ئۇزۇن تارىخىي جەريانلار ئۆتكەن بولسىمۇ، تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى يەنىلا قەدىمكى ئۇلۇغ ئەجدادىمىز ئوغۇز خاقاننىڭ قېنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز، دۇنيا قارىشىمىز، ئېتىقادىمىز ۋە ئىجتىمائىي ئورنىمىز، شۇنداقلا دەۋر خاراكتېرىدىن ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ بىراق خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ئەڭ قەدىمكى مىللىي ئالاھىدىلىك — مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مىللىي روھ، مىللىي ئېتىقاد ۋە مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق خاراكتېرلىك مىللىي خۇسۇسىيەتلەر تۈپتىن ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. خەلق قەلبىدىن ئىبارەت مۇقەددەس زېمىن مىللىي ئەنئەنىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشتا ئۇزاق خىسلەتلەرگە ئىگە. چۈنكى خەلق مەڭگۈلۈككە ئىگە. بىر مىللەت خەلقى مەۋجۇت ئىكەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەلۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇڭا ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاش قورال دەۋرىدىكى توتېم ئېتىقادىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ قىسمەن ئېتىقاد شەكىللىرىنىڭ زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى ئىپادىلىرىنى ھەم ئۇچرىتىپ تۇرالايمىز، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مىڭ يىل داۋامىدا ئەينى دەۋرگىچە ئەجدادىمىز ياراتقان كۆپلىگەن ئەنئەنىلىرىمىز ئىسلام ئەقىدىلىرى تەرىپىدىن كۈچلۈك تەقىپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن مول مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرىمىز ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى تەرىپىدىن نابۇت قىلىندى. ۋە كېيىنكى مەجبۇرىيەت ئاستىدا بارا - بارا قوللىنىشتىن قېلىشقا باشلىدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئىسلام دىنىنىڭ كۆپلىگەن قائىدە - قانۇنلىرىنى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى، ئوڭايلا ۋە ئاساسسىزلا قوبۇل قىلىۋېلىپ ئۆزىمىزنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى ئاساسىدىكى دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئايرىيالماس ھالەتكە ئەپكېلىپ قويدۇق، ھەتتا خاس مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى چۈشەنچىمىزچە ئەرەبلەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. شۇڭا ھازىر تۆتەم ئېتىقادىنىڭ قالدۇق خۇسۇسىيىتى «بۆرە ئۇشۇقىنى خاسىيەتلىك بىلمىش»، زەردۇش ئاتەش پەرەسلىك دىنىدىن قالغان «ئوت ئۈچۈرۈش» بىزدە دىنىي ئەقىدىسىدىن قالغان ئىرىق سېلىش، مانى دىنىدىن قالغان پىرخۇنلۇق قاتارلىق قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئىسلامغا باغلاپ چۈشەندۈردۇق بولۇپمۇ بىز يېقىندا ئۆزىنى بىرىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ بېرىپ، مۇكەممەللىشىپ كەلگەن «قىرىق» چۈشەنچىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۆپلىگەن ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى يەنىلا ئىسلام شەرىئىتى ئەقىدىسىگە باغلاپ چۈشەندۈردۇق ھەم شۇ چۈشەنچە بويىچە يۈرگۈزۈۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە 40 چۈشەنچىسى ھەقىقەتەن ئىسلام شەرىئىتىدىكى بىر خىل ئېتىقاد شەكلى، ياكى ئەنئەنىۋى قائىدىسىمۇ؟ مەسىلە ئەسلى ئۇنداق ئەمەس. بىلگىنىمىزدەك، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا بىر قىسىم تەرەپلىرىدىكى ئومۇملىقتىن باشقا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئايرىمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان مىللىي تىل، پىسخىك خۇسۇسىيەت، پىسخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك، ئۆرپ-ئادەت، دۇنيا قاراش قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلەردە خاس مىللىي خاراكتېر ئالغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىر مىللەت، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئورتاقلىق بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىك تەرەپلىرىدىكى خاسلىقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن چوڭ بىرىنىش خاراكتېرىنى ئالىدۇ دە، ئېغىر خاتالىققا يول قويغان بولۇپ قالىمىز.

ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە ئەنئەنە بولۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن «قىرىق» مۇقەددەسلىكى، ئوغۇز خان دەۋرىدىن قالغان مىللىي يادنامە، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى يوقاتماي، ھەر قايسى دەۋرلەردە خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا گۈزەللىك، غايىۋى ئارزۇ - ئارمانلارغا قانات، مەنىۋى ئىرادىگە كۈچ - قۇدرەت بېغىشلاپ خەلقىمىز بىلەن بىرگە ياشاپ كەلدى. رېئال تۇرمۇشىمىزدا مۇقەددەس ئېتىقاد، كامالەت ئۆلچىمى، گۈزەللىك ئۆلچىمى ۋە خاسىيەت دەپ تونۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قىرىق چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك قائىدە-يوسۇنلارنى ماھىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن «قىرىق» مۇقەددەسلىكى بىلەن ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

هازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئېچىپ 40 كۈندىن كېيىن «قىرقىنى چىقىرىش» دېگەن بىر ئادەت بار. (بەزى يەرلەردە «قىرىق» نى «قىزىق» دەپ ئاتايدۇ، قىزىق ئەمەلىيەتتە 40 نىڭ فونېتىكا جەھەتتە بىر ئاز ئۆزگىرىپ ئاتىلىشى) بوۋاقنىڭ قىرقىنى چىقىرىش ئالاھىدە بىر خىل مۇراسىم شەكلىنى ئالغان بولۇپ، بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنگە توشقان كۈنى قازان ئېسىپ مەھەللىگە ئاش تارتىدۇ. مىجەز - خۇلقى ياخشى، ساغلام، ئەقىللىق، چىرايلىق باللارنى چاقىرىپ كېلىپ ھەر بىر بالىغا 40 كۈنلۈك بوۋاقنىڭ ئۈستىگە ئىللىق سۇ قۇيدۇرىدۇ. ئۇلارغا قويماق، قەن گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئادەتنى مۇنداق ئىككى خىل مەزمۇندا چۈشەندۈرىدۇ. بىرى قىرقىنى چىقارغاسلىقنى گۇناھ دەپ قاراپ «ئەگەر قىرقى چىقىرىلمىسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا قىرقىلىق كەلدى، قىرقىلىق كەلدى دەپ قاراپ ئۇرنى ياخشى بولمايدۇ» دېسە، يەنە بىرى، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈككىچە بولغان ئارىلىقنى ئەڭ مۇھىم باسقۇچ دەپ قاراپ، شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ ھاياتىغا بولغان ئۈمىدى ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالىغا كېرەكلىك ئۇرۇقلۇقنى كۆپەيتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باللارغا سۇ قۇيدۇرۇش يېڭى بوۋاقنىڭ خۇددى شۇ باللاردەك ئۇز خۇلقلۇق، ساغلام، ئەقىللىق، چىرايلىق بالا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىدۇ. بەزى جايلاردا بوۋاقنىڭ بېشىغا قۇيۇلىدىغان سۇنىڭ تەركىبىگە مەسچىتنىڭ تۈۋرۈكىدىن قىرىندا شىلىپ كېلىپ، مەسچىتنىڭ بورىسىدىن، مەسچىت تاملىرىدىكى كاكىلالاردىن ئېلىپ كېلىپ قايناتىپ ئارىلاشتۇرۇپ ئاندىن ئىشلىتىش ئەھۋالىمۇ بار. بۇ ئەلۋەتتە «ئىمانى كامىل» لىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە مەلۇم بىر كىشى ئۆلگەندىن كېيىن تا قىرىق كۈنگىچە ھازا تۇتىمىز. بۇ ۋاقىتتا ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالدۇرمايدۇ، بەزى جايلاردا ئۆيىدە چويلا سېلىپ ئاش ئەتمەيدۇ. ئاقتا بەل باغلاپ 40 كۈنگىچە يەشمەيدۇ ۋە يەنە مۇسىبەتنى ئىپادىلەيدىغان قايغۇلۇق ھالەت بىلەن 40 كۈن توشقاندا، ئاندىن قىرىق نەزىرىسىنى بېرىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن مۇسىبەت شەكىللىرى بىكار قىلىنىدۇ، بەل يېشىلىدۇ، ساقال - بۇرۇت ياسىلىدۇ ۋە باشقىلار.

40 نەزىرە ھەم چوڭ نەزىرە ھېسابلىنىپ كۆلىمى كەڭرەك بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۆرپ - ئادەت ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا خېلىلا ئومۇملاشقان قائىدە يوسۇن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى بۇ خىل ئادەت شەكىللىرىنى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ بىر خىل شەرىئەت مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال ئەرەبلەردە بارمۇ ۋە پاكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ مۇقەددەس كالاملىرى «قۇرئان» ۋە «ھە-



Altunoq

دىس» لەردە كۆرسىتىلگەنمۇ؟ ئەرەبلەردە ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە بالىنىڭ قىرقىنى چىقىرىش، كىشى ئۆلۈپ 40 كۈنگىچە مۇسىبەت تۇتۇپ ئاندىن نەزىر بېرىپ مۇسىبەت-تىن خالاس بولۇش؛ دېگەنگە ئوخشاش ئېتىقاد شەكلى ۋە ئۆرپ - ئادەت يوق ۋە قەيت قىلىنمىغان. بۇ ئەقىدە دەل ئوغۇز خان دەۋرىدىكى مۇقەددەس چۈشەنچىنىڭ زامانىمىزدىكى ئۇھىم ئىپادىسى. ئەجدادىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇق بوۋىسى ئوغۇز خاننىڭ تۇغۇلۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن ئەقلى يېتىلىپ سۆزلەپ، ماڭغانلىقى ھەق-قىدىكى بۇ ئىلاھىي چۈشەنچە بويىچە، بوۋاق تۇغۇلۇپ قىرىقىنچى كۈننى خاسىيەت-لىك ئۇلۇق كۈن- كامالەتنىڭ باشلىنىش كۈنى، ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ قۇتلۇق باشلىنىشى دەپ چۈشەنگەن ۋە مۇشۇ ئېتىقاد بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئە-قىل - پاراسەتتە كامىل- كۈچ - قۇدرەتتە قابىل، خاسىيەتلىك، ۋەتەن ۋە خەلق-پەرۋەر بوۋىسىغا بولغان سېغىنىشىنى، شۇنىڭدەك پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇز خاندەك ئاشۇنداق ئۇلۇق پەزىلەتكە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش مۇمكىن. ئەمدى قىرىق كۈنلۈك مۇسىبەتكە كەلسەك ئۇيغۇر خەلقى ئىنساننى قەدىرلەيدۇ، ھاياتلىقنى ئۇلۇق بىلىدۇ. ھاياتلىقسىز ھەر قانداق بەخت - سائادەت-نىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇي-غۇر خەلقى بىرەر يېقىن كىشىسى يورۇق دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتلىقتىن مەڭگۈ يوقلۇق ئالىمىگە كەتكەنلىكى، زۇلمەت ئورنىغا يول ئالغانلىقىدىن بولغان چوڭ-قۇر ئېچىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى سۈ-پىتىدە 40 كۈنگىچە مۇسىبەت تۇتۇشنى ئەڭ قاتتىق قايغۇرغانلىقىنىڭ ئەمەلىي نىشانى دەپ چۈشەنگەن. ئىسلام شەرىئىتىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇسىبەت تۇتۇشنى مەنئى قىلىنغان، چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ. ئەگەر كۆپ مۇسىبەت تۇتسا، ياقا يىرتىپ قاتتىق يىغلىسا، ئاللاغا قەھرى قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

«سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» دە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. «رەسۇلۇللانىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ، ئاللاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايال-نىڭ ئۆلىمىگە ئۈچ - كېچە كۈندۈزدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس، ئەمما ئېرى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭ-لىغان ئىدىم»⑫ دېمەك بۇ تەرەپتىمۇ ئىسلام دىنى بىلەن ئورتاقلىق يوق، بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بەزى ئىسلام دەۋەتلىرىدە «قىرىق» قا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. مۇھەممەت فۇزەرى يازغان «مۇھەم-مەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام كامالەت يېشى بولغان قىرىق ياشقا يەتكەندە، ئاللا ئۇنى پۈتۈن ئىنسانلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن دەرھەت يورۇقلۇققا چىقىرىش مەقسىتىدە بەشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى»[13] دېمەك مۇھەممەت 40 قا كىرگەندىن كېيىن ۋەھيي كېلىشكە باشلىغان. يۇقىرىقى كىتابتا يەنە ۋەھيىنىڭ توختاپ قېلىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ۋەھيي بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان، قانچىلىك ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس، لېكىن ۋەھيىنىڭ قىرىق كۈن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ئىشەنچلىكرەك. ۋەھيىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيىگە سېغىندۇرۇش ئىدى[14]». بۇ يەردە بايان قىلىنغان كامالەت قانۇنىيىتى بىلەن قاتتىق سېغىندۇرۇش يۈزىسىدىن ئاللانىڭ 40 كۈن ۋەھيىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىمۇ قىرققا مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ھادىسىلەر ئۇچرايدۇ. يۇقىرىقى قىسمەن ھال قىرىق چۈشەنچىسىنى بىزنىڭ ئەرەبلەردىن قوبۇل قىلغانلىقىمىزنى ئىسپاتلىمايدۇ، چۈنكى ئالدى بىلەن شۇنى ھېس قىلىمىزكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا 40 ياشتا ۋەھيي كەلگەنلىكى ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە كامالەتكە يەتكەندىن ئىبارەت پۈتۈن ئىنسانلارغا خاس بولغان ئورتاق ئالاھىدىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئادەمنىڭ 40 ياشتا كامالەتكە يېتىشى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئەمەس. «قىرىق» ئۇقۇمىنىڭ باشقا مەزمۇنلاردا ھەم ئەكس ئەتكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلارمۇ «قىرىق» نىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، چۈنكى، بىرىنچىدىن، «ئوغۇزنامە» دە مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى تېخى پەيدا بولغان ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن «ئوغۇزنامە»دە ئەرەب شەرىئىتىگە خاس ھېچقانداق ھادىسە ئۇچرىمايدۇ. ھەتتا ئۇيغۇر خەلقى مىلادى 1 ـ ئەسىردىن تارتىپ ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنىنىڭ ھەم ھېچقانداق ئالاھىدىلىكلىرى يوق. بۇ يەردە يەنە مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنى پەيدا بولۇپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىنى ئىسلاملاشتۇرۇشتەك زور بۇرۇلۇش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، تۈرك خەلقلىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئورخۇن سېلىنگا دەريا بويلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «كۆك تۈرك خاقانلىقى» دىن ئىبارەت چوڭ خانلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ تەسىر دائىرىسىنى راسا كېڭەيتكەن ئىدى. بۇ چاغدا شەرق ۋە غەرب خەلقلىرى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم باشلامچىسى ۋە كارۋانلىرى بولغان تۈركىي خەلقلەر ئەرەبلەرگە ئالاھىدە تەسىر قىلغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئا-

ساسلانغاندا پەيغەمبەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالىنى خېلى چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكى، يۇقىرىقى پىكرىمىزنى تولۇق ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» دە تۈركلەر توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «پۇتىغا چورۇق ۋە يۇڭدىن ئىشلەنگەن ئاياقلارنى كىيىدىغان بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلمىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر، يۈزلىرى خۇددى چەم بىلەن ئەستەرلەنگەن قالقاندەك كەڭ ۋە كۆزلىرى كىچىك كەلگەن بىر خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلمىشىڭلار قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولىدۇ⑮»

يۇقىرىقى ھەدىستىن باشقا يەنە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا مۇنداق ئىككى ھەدىس كىرگۈزۈلگەن. «پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ دېگەن ئىكەن»⑯ مەھمۇت تۈرك سۆزىنى ئىزاھلاپ يەنە مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «ئۇلۇق تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قەۋمگە غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن⑰». ھەدىسلەر توپلىمىدا بېرىلگەن ھەدىس بىلەن، مەھمۇت قەشقىرى مىسال ئالغان ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش. يۇقىرىقى پاكىتلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەقىقىي مىللىي خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، فىزىئولوگىيىلىك ئالامەتلىرى قاتارلىق نا- ھايىتى كۆپ تەرەپلىمە بىلىدىغانلىقىنى ۋە چۈشىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قال- ماي، بەلكى ئەينى دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ئورۇن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئەرەبلەردىن خېلىلا يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەدە- نىيەت تەسىرىنى خېلىلا ئۆتكۈزگەنلىكىنى روشەن ھېس قىلىدۇ. بىز توختىلىۋاتقان «قىرىق» چۈشەنچىسىنىڭ ئەرەبلەردىمۇ قوللىنىلىپ قېلىشى شۇنداق تەسىرلەرنىڭ مەھسۇلىدىن ئەمەسمىكىن؟

يۇقىرىقى مەسىلە ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا، ئۆرپ - ئادەتتە ئۇچرايدىغان يەنە بىر مۇنچە «قىرىق» مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسىنىڭ تۇراقلىق مەزمۇنلىرىدىكى ئەپسانىدە تېخىمۇ رو- شەنلىشىدۇ. ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ مۇھىم ئادەتلىرىدىن بىرى ئۇلار چاچنى ئۇششاق قىرىق تال ئۆرۈشى بولۇپ، بۇ دىققەت تارتارلىق ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر ئەنئەنە، بۇ خىل مىللىي ئادەت ئەرەبلەردىلا ئەمەس، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر- نىڭ بىرەرسىدە بارلىقىنى ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق. شۇڭىمۇ ئېنىقكى ئۇيغۇر خوتۇن قىزلىرى گۈزەللىككە شەيدا. ئۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي گۈزەل ئەنئەنىسىنى سۆيىدۇ ۋە

ئۇنى يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ راۋاجلاندۇرالايدۇ. چاچنى قىرىق تال ئۆرۈش گۈزەللىككە بولغان تونۇشى ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن كۆرە ئەڭ مۇھىمى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس چۈشەنچىسىنىڭ گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىشى ۋە داۋاملاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئا-دەتنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇيغۇر خوتۇن قىزلىرىنىڭ قۇتلۇق ھاياتقا، ساددىي ۋە مە-نىۋى كامالەتكە بولغان ئارزۇسى، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا بولغان گۈزەل تەلپۈ-نىشى چۈشەنچىدىكى «قىرىق خاسىيەتلىك» ئېتىقادى ئارقىلىق ۋاستىلىق ئىزھار قىلىنىپ بېرىلگەن.

بىراق ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى بۇ خىل خاس مىللىي ئادەت يىللار - يىل يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ھازىر چېچىنى قىرىق تال ئۆرگەن خوتۇن - قىز-لاردىن مىڭىنىڭ ئىچىدە بىرىنىمۇ تېپىش تەس. بۇنداق يوقۇلۇش «جەمئىيەت تەرەق-قىياتىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك».

## IV

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر قانداق بىر مۇقەددەس چۈشەنچە ئۆزلۈكىدىن تاساددىپىي، يەككە - يېگانە ۋە ئاساسسىزلا تۇغۇلمايدۇ. بەلكى ئۇ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سە-ۋەبلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، مۇئەييەن بىر دىنىي ئېتىقادنىڭ مۇھىم بىر مەز-مۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ۋە ياكى بەلگىلىك تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئىلمىي ئاساسلارغا تايىنىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تارىخىدا نەچچە مىڭ يىل ئىزچىل داۋاملىشىپ ئۇيغ-ۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا بەلگىلىك ئوزۇق بولغان «40 مۇقەددەس» لىكى چۈشەنچىگە ئاساس بولغان مەنبە نېمە؟

ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىن قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق بىر شەيئ-ئىلەرگە ھېسسىي بىلىش شەكلىدىن ئالغان ئېتىقادچۈشەنچىلىرى تەبىئەت ئالەمدىكى تۈرلەنگەن ھادىسىلەرنىڭ سېھىرلىك كۈچى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل غەيرى تە-بىئىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەزمۇندا كىشى ئېڭىغا تەسىر قىلىشى نە-تىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا قوزغىغان ھەر خىل تەسىرلىرى كىشىلەرگە تەدرىجىي يوسۇندا دۇنيانى بىلىشكە ئۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇزاق تەسىرلىك ئىجتىمائىي ھايات كۈرىشى تا-رىخىدا دۇنيانى مەلۇم جەھەتتىن بىلەلىدى. بىراق تەسىردىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشى چوڭقۇرلۇقى ۋە ئېڭى ئۇزۇل - كېسىل بولمىغانلىقى، ساددا بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىشلىرىنى ھەر خىل ئىلاھىي فورمىدا ئىپادىلەپ بېرىش-

www.uyghurkitap.com

تى، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي چۈشەنچىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەددەس ئىلاھىي
كۈچ – قۇدرەتكە باغلاپ ئىزاھلاشتى، شۇ ۋەجىدىن ئىنساننىڭ يۈكسەك ئەقلىي كۈچ
ئارقىلىق بەلگىلەنگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتى ھەققىدىكى شانلىق نە-
تىجىلىرى «ئىلاھىي» ئۈزۈق بىلەن كۆمۈلۈپ قالدى، ياكى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى. شۇ-
نىڭدەك دەۋرىمىزدىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
مۇقەددەس چۈشەنچە سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھەر خىل
ئىجتىمائىي تارماقلارغىچە تونۇشۇپ يۇقىرى ئۆلچەم، ياكى كامالەتنىڭ سۈپىتىدە رول
ئويناپ كەلگەن «40 مۇقەددەسلىك» نىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى تەكشۈرگەندە، ئۇ-
نىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن چۈشەنچە بولماستىن بەل-
كى مۇئەييەن تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە بەلگىلىك ئىلمىي ئاساسلار نەتىجىسىدە پەيدا
بولغان بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىنىڭ ئۆز چۈشەنچىسىنى ئىلمىي جەھەت-
تىن ئىسپاتلاشقا چامى يەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ چۈشەنچىنى
مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ۋە تەدرىجىي ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ-ئا-
دەت شەكلى بىلەن داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن:
ئالدىنقى قىسىملاردا سۆزلىگەنلىرىمىزدىن باشقا، «40 مۇقەددەسلىكى» نىڭ ئىجتىمائىي ئا-
ساسى ھەققىدە ئەڭ مۇھىم بىر مەنبە شۇكى، يولداش تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلارنىڭ
ئانا ۋەتىنى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا ۋېيجىڭ يازغان «سۇي سۇلالىسى يىلنا-
مىسى» «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا قىسىرغان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە قارا
دېڭىزغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىدە ياشىغان تۈرك خەلقلىرىنىڭ 40 قە-
بىلىسىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئوغۇز-
خاننىڭ پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ 40 قەبىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىككە كەلتۈر-
گەنلىكى ۋە 40 غۇلاچلىق خادىنى دانا شۇ 40 قەبىلىنىڭ چوڭ بىرلىشىشىنىڭ سىم-
ۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك سەلتەنىتىنى نامايىش قىلغانلىقىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ۋېيجىڭنىڭ «سۇي سۇلالىسى يىلنا-
مىسى» دا سانالغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ 40 قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ
قەبىلىلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىتابخانلىرىمىزدىن شۇ نەرسە
مەخپىي ئەمەسكى، يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى تولۇق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىش
ئۈچۈن يۇقىرىدا كەلتۈرگەن پاكىتلىرىمىزدىن باشقا يېتەرلىك ماتېرىيال ئاساسىغا
ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. پەقەت «40 مۇقەددەسلىكى» ئوغۇز خان دەۋ-
رىدىن تارتىپ تاكى دەۋرىمىزگىچە ئاساسەن يۇقىرى كامالەتنىڭ، ئۇلۇغۋار غايىۋى
ئىستەكنىڭ، ئەقلىي ئۆلچەمنىڭ، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى كۈچ –



AltunOq

قۇدرىتىنىڭ سەۋىيىسى، قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدىكى قورال-لىرىنىڭ ياسالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ كۆرۈپ، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەبىئىي يېتىلىش قانۇنىيىتى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمى ئېرىشكەن بىر قىسىم ئىلمىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىلمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىچە تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن.

1) ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، ئادەم تۆرەلمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسپېرما بىلەن تۇخۇم بىرىكىپ بىر دانە ئاتىلانغان تۇخۇم ھاسىل بولۇشتىن باشلاپ ھۈجەيرە ئاجرىلىپ تولۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارا - بارا ئادەم شەكىل تۈزۈلۈشىگە ئىگە بولغان ھامىلە پەيدا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى جەريان ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، سان ئۆزگىرىشتىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە، ئىپتىدائىيلىقتىن مۇكەممەللىككە ئۆزگىرىدىغان جەرياندۇر. بولۇپمۇ بۇ جەريان تۆرەلمە پەيدا بولۇپ دەسلەپكى 35 - 40 كۈنگىچە بولغان ئاددىيلىقتىن ئىپتىدائىي باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن 6 - ھەپتىگە بارغاندا ھامىلە تاشقى ۋاراق (نېرۋا سىستېمىسى، تىرناق، تۈك قاتارلىقلار) ئوتتۇرا ۋاراق (مۇسكۇل، سۆڭەك، سۈيدۈك چىقىرىش ئورگانلىرى قان قاتارلىقلار) ئىچكى ۋاراق (ھەزىم سىستېمىسى، نەپەس سىستېمىسى، جىنسىي يول ۋە ھەر خىل بەزلەر) قاتارلىق ئۈچ قەۋەت ۋاراق ئاساسەن تولۇقلىنىپ ئادەم شەكلىگە كىرىدۇ. «ساقاق ياسى يوقىلىدۇ» (ئادەم ئادىمىي شەكلىگە كىرىدۇ) «توقۇلما ۋە تۆرەلمە ئىلمى» دېگەن كىتابتا مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئالتىنچى ھەپتە بولغاندا دۈمبە، قوساق، يۈرەك ئىچكى پەردە دىۋارى قارىمۇ - قارشى ئۆسۈپ بىرىكىدۇ، بىر قېرىنچە دالانچە كاناي ئوڭ سول دالانچە، قېرىنچە تۆشۈككە بۆلۈنىدۇ. ئوڭ سول دالانچە قېرىنچە تۆشۈكى بار يۈرەك ئىچكى پەردىسى، ئىككى قاپقاقلىق ۋە ئۈچ قاپقاقلىق كىلاپاننى ھاسىل قىلىدۇ» يۇقىرىقى ئەھۋال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى تۆرەلمە 6-ھەپتىدىن باشلاپ ئالاھىدە خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش ياسايدۇ ۋە ئانا تېنىدىكى تەبىئىي ئوزۇقلۇق كەملىك قىلىپ تاشقىرىدىن ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 40 كۈن ئەتراپىدا بارغاندىن كېيىن ئانىلار سەزگۈلۈك تارتىشقا باشلايدۇ. ئانىلارنىڭ قانداق ئوزۇقلۇقتا سېزىك بولۇشى ھامىلىنىڭ تەلەپ قىلغان ئوزۇقلۇقىغا باغلىق بولىدۇ. 2) ئىنسان ھاياتىدا تۇغۇلۇپ 40 كۈنگىچە بولغان ئارىلىق يەنە بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە بوۋاقنىڭ بەدىنى تەبىئىي دۇنياغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزلەشمىدۇ، ئۆزى توختاپ ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتىشكە باشلايدۇ. نېرۋا سىستېمىسىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئەركىلەتسە كۈلىدىغان، مەلۇم ئاۋازلارنى ئاڭلاپ نىشانىنى

پەرق ئېتىپ قارايدىغان بولىدۇ، پۇراش سېزىمىدا سېزىلەرلىك ئالامەتلەر كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدا خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، تەركىبىدە ئۇزۇقلۇق مىقدارى كۆپرەك يېمەكلىكلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) ئاياللارنىڭ تۇغۇشى ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئۇستىخانلىرى بوشاپ ئاجىزلايدۇ. بالا ياتقۇسى كېڭىيىدۇ ۋە باشقىلار. بۇ ئەھۋال 35- كۈندىن 40- كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا بەدەن قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بېجىرىم ھالەتكە ئۆتىدۇ، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاجىزلىغان ئۇستىخانلار، بالا ياتقۇلار ۋە شالاڭلىق پەردىلەر ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ بولىدۇ.

4) ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرى بوۋاقلىق، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق قىرانلىق ۋە قېرىلىق قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئادەم 40 ياشقا توشقاندا قىران ياش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئادەم ئەقلى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئىنسانىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم بىر جەريان، ئۇنداقتا بىز توختالغان «40 مۇقەددەسلىك» بىلەن بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن؟ بىز ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىلىش تەرەققىياتىغا ئاساسەن شۇنداق پەرەز قىلالايمىزكى، قەدىمقى ئەجدادلار يۇقىرىقى ئالاھىدە تەرەپلەرنى ئىلىم- پەن نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەت ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلانمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئالاھىدە بىر خىل ئىلاھىي كۈچ قۇدرەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىز شۇنى بىلىمىزكى، قەدىمكى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتكۈل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى ئىلاھىي روھ نۇقتىسىدىن نەزەرى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئورتاق بىلىش ئومۇملىقى بولۇپ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ يەنە مۇنداق بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز.

بىز يۇقىرىدا «40 مۇقەددەسلىكى» قەدىمدىن تارتىپ يوقىرى كامالەت، ئالىي سەلتەنەت ۋە كۈچ قۇدرەت سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇنداق بولسا «40»نىڭ مۇقەددەسلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە يۇقىرىقىدەك ئامىللار قانداق تەسىر قىلغان؟

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، تۇغۇرۇشى، كامالەتكە يېتىشى ۋە كۆتۈرۈلۈشى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن ۋە ھازىرغىچە ئومۇمەن بىردەك قانۇنىيەت، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئايال ھامىلدار بولۇپ 6- ھەپتىسىگە بارغاندا سېزىلەرلىك ھالدا سەزگۈرلۈك تارتىدۇ، دېدۇق، بۇ خىل ئەھۋالمۇ قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ ئوخشاش. ئاياللارنىڭ 40 كۈندىن كېيىن بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، بالىلار تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن ئاشقاندىن كېيىنكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلىرى، ئادەمنىڭ 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئەقلى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشى قەدىمكى دەۋردىمۇ ھازىرقى بىلەن ئاساسەن ئورتاقلىققا ئىگە،

قەدىمكى بىلەن ھازىرقى ماھىيەتلىك پەرق پەقەت بۇ قانۇنىيەتنى قانداق چۈشىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ ھادىسىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن بولسا، ھازىرقى ئىلىم-پەن دۇنياسى ئۇنى ئىلمىي ۋە پەننىي ئاساسلارغا تايىنىپ چۈشەندۈردۇ.

بۇ قانۇنىيەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇزۇنلۇق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنىڭ «40 مۇقەددەسلىك» ئەن-ئەنىسى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مۇھىم ئىقتىساد ئالاھىدىلىكىدىن بىرى، ئانىلارنى ئۇلۇغ بىلىش، ئۇلارغا چوقۇنۇش ۋە بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئانىلارنىڭ ھامىلدار بولۇشى، تۇغۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاجايىپ مۆجىزات، سىرلىق ئەھۋال بولغانلىقى چوقۇم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇپ 40- كۈنلىرىگە بارغاندا سەزگىلىك تارتىشنى ئىلاھى جاننىڭ تۇغۇپ 40 كۈن ئەتراپىدا پۈتۈن جىسمانىي تېنىنىڭ بىرىكىپ ئەسلىگە كېلىپ، بېجىرىم ھالەتكە كېلىشىنى بىر خىل خاسىيەت دەپ چۈشەنگەن. بۇنىڭغا بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىنكى ئۆزگىرىش قوشۇلۇپ يۇقىرىقى ئېتىقادنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن بوۋاق تۇغۇلۇپ 40- كۈنگە كەلگەندە ئانىلارنىڭ بېجىرىم ھالەتكە كەلگەنلىكىنى بوۋاقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بۇ ئادەت ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋاملاشقان. شۇنىڭ بىلەن بارا بارا مۇقەددەس چۈشەنچە ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە يوسۇن شەكلىنى ئېلىپ ئۆز مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندىن كېيىنكى «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنىڭ مەزمۇنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىپ تېخىمۇ غايىۋىلاشتۇرۇلغان.

«ئوغۇزنامە» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوغۇزخاننىڭ 40 كۈندىن كېيىن سۆزلىيەلىشى، ئاش-نان تەلەپ قىلىشى، ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە 40- كۈنى ئىلاھىي بۆرىنىڭ پەيدا بولۇپ يول باشلىشى قاتارلىق تەرەپلەر يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوغۇزخان دەۋرىگە كەلگەندە ئادەمنىڭ 40 ياشقا توشقاندىن كېيىن كامالەتكە يېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بەدىئىي قانۇنىيەت «قىرىق» نىڭ يۇقىرى كامالەتنىڭ، ئالىي سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ساقلانغان مۇنداق بىر قەدىمىي ۋاقىت بىرلىكى بار. يەنى خەلقىمىز ئارىسىدا «پولو دۇملىنىپ 40 تۈگە ئۆتكەندىن كېيىن پىشىدۇ»، «40 ياش بۆرە» قاتارلىق چۈشەنچىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. يۇقىرىقى «40 تۈگە ئۆتكەندىن كېيىنكى ئاشنىڭ دەم يېيىشى، ئەمەلىيەتتىكى ۋاقىت بىرلىكىدىن كۆرە ھەم بىر كامالەتنى كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاشنىڭ پىشىشى كامالەتنىڭ سۈپىتى، 40 ياشتىكى كىشىنى بۆرىگە ئوخشىتىپ قەدىمكى تۇقۇم چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرىدىن كۆرە يەنە ئىنساننىڭ كامالەت دەرىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

دېمەك، يىراقتىكى ئەجدادلارنىڭ قارىشىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمدە مۇقەددەس ھېساپ قارالغان 40 چۈشەنچىسى يىراقتىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە مەلۇم تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن شەكىللەنگەن ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە يۇغۇرۇپ ھەر خىل شەكىل ۋە مەزمۇن بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە مۇقەددەس چۈشەنچىسى سۈپىتىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلادمۇ — ئەۋلاد داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. گەرچە «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنىڭ ئاساسىي ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ئۇنىڭدا تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئاساسلانغان. بۇ بىر تەرەپ، يەنە بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا «قىرىق» چۈشەنچىسى ھېچقانداق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى كىشەنلەش، مەنىۋى جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرۈش، غايىۋى ئىنتىلىشكە چەك قويۇش قاتارلىق سەلبىي تەسىر كۆرسەتمىگەن، بەلكى ئۇ يىراقىرى كامالەتنىڭ، يىمىرىلمەس دۆلەت سەلتەنىتىنىڭ، تەڭداشسىز كۈچ — قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، خەلقىمىزنىڭ ھايات پائالىيىتىدە ئۇلۇغۋار غايىۋى مەنزىل، گۈزەل ئارزۇ — ئارمان، ئۈمىدلىك — ئىنتىلىشچان، بىر پۈتۈنلۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل مەزمۇندىكى مەنىۋى ئىنتىلىشنىڭ قاناتلىرى سۈپىتىدە غايەت زور رول ئويناپ، ئۇلار مۇشۇ غايىۋى چوققا ئۈچۈن جاپالىق كۈرەشلەرنى قىلىپ كۈرەش تارىخىغا ياخشى رەقەملەرنى يازدى.

بىز ئوغۇزخان دەۋرىدىن تەخمىنەن 20 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كېيىن ياشاۋاتقان ئوغۇزخان ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەجدادىمىزنىڭ «قىرىق» مۇقەددەسلىكىنى مەنىۋى ئوزۇق ۋە مىللىي روھ قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان ئەنئەنىۋى روھىنى جارىي قىلدۇرۇپ، دەۋرىمىز خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت ئىلىم — پەن، ماتېرىيال سەھنىسىدە تۇرۇپ «قىرىق» لىق چوققىغا كۆتىرىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ۋە بۇ يولدا جاپالىق تىرىشىش بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

---

ئىزاھات:

①②③④⑤ «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرچە نەشرى 40-، 41-، 45-، 46-، 91-، 47-، بەتلەرگە قاراڭ.
⑥ تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى 4- بەتلەرگە قاراڭ
⑦ ⑧ ⑨ ⑩ ⑪ مەھمۇت قەشقەرى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 3- توم 314- بەت 595 - بەت. 2 - توم: 439 - بەت. 1- توم 45 - بەت. 2- بەت. 455-436 بەتلەرگە قاراڭ
⑪ ئابدۇكېرىم راخمان «ھەممەك يولىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر» ئۇيغۇرچە 185- بەت.
⑫⑮ مۇستاپا مۇھەممەت ئەجارە: «سەھەمۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 114 - بەتلەر.
⑬⑭ مۇھەممەت خۇزەرى «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ئۇيغۇرچە 39 -، 40 - بەتلەر.

# ئىنفورماتسىيە ۋە كۇتۇپخانىچىلىق

مۇھەممەت ئوسمان

## كۇتۇپخانا ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنى جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھە- لىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭراتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدە مۇقەررەر بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىش- لىك بىر يولى بولۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن كۇتۇپخانىچىلىق كەسپىمۇ ئۆز خىزمەتلىرىدە چوقۇم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى ۋە يېڭى نەتىجە يارىتىشى لازىم. چۈنكى، زامانىۋى تەرەق- قىيات زور تۈركۈمدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرىغا، يېڭى ئۇچۇرغا ۋە ئاخبارات ئىشلىرىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق. زىيالىيلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئەسكەرلەر، كادىرلار ۋە ئوقۇغۇچىلار... ھەر خىل كىتاب، گېزىت، ژۇرنال ۋە ھەر تۈرلۈك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە باش- قۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىزچىل تۈردە ئۆستۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك زۆرۈر ئىشى دەپ تونۇۋاتقان بۇنداق پەيتتە كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانىلار- نىڭ كىتابخانىلارغا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىسلاھات قەدىمىگە يېقىندىن ماسلىشىشى، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشى، قوللىشى تولىمۇ زۆرۈر.

كۇتۇپخانىچىلىق كەسپى ھەرگىزمۇ بىر خىلدىكى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى ئادا- غان كەسىپ ئەمەس. ئۇ بىلىم تارقاتقۇچى، ئەقىل - ئىدراك بۇلىقىنى ئاچقۇچى، ۋە كىشىلەرنى كۆپ تەرەپلىمە بىلىم بىلەن تەدرىجىي ئېچىپ، زامانغا لايىق كىشى قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان بىلىم كانى بولۇپ، ئۆز رولىدا تەشناغا سۇ، توڭغانغا يېپىنچا يەتكۈزگەندەك ئوخشاش بىر ئىشتۇر. شۇڭا، بۇ ئىلمىي مۇئەسسە خادىملىرىنىڭ پوزىتسىيىلىرى مۇلايىم، سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى ئىلمىي، سالاھىيىتى دەۋر تەلىپىگە يېتىشەلەيدىغان ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، كەلگۈسىنى توغرا مۆلچەر- لىيەلەيدىغان بولغاندىن سىرت، ئۆز كەسپىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى پۇختا



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگىلەپ، تىل ۋە باشقا ئىلمىي خىزمەتلەردە كىتابخانىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان ئىلمىي ۋە كەسپىي ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇنداق بولۇشنىڭ ئىلمىي ماتېرىياللارنى تىزىش، كىتابخانىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش، قەدىمكى كىتابلار ۋە يېقىندىن نەشر قىلىنغان كىتابلار ھەققىدە چۈشەنچە ۋە ئىزاھات بېرىش، ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىلەر ئۇيۇشتۇرۇش،......قاتارلىق كەسپىي ئىشلاردا رولى ئىنتايىن چوڭ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھازىرقى دۇنيا سانائەت دەۋرىدىن ئۇچۇر دەۋرىگە ئۆتتى. بۇنداق جەمئىيەتتە بىلىم ۋە ئۇچۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ مەنبەيىدۇر. زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى، ئەمگەك ماھارىتىنىڭ سەكرەش ھاسىل قىلىپ جىسمانىي كۈچتىن ئەقلىي كۈچكە تايىنىشىنى ئاساس قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، رىقابەت ۋە ئىقتىسادىي نەتىجىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى بىلىم ۋە ئۇچۇرنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويىدۇ. غەربىي گېرمانىيە بۇنىڭ ئىشچىلىرىنىڭ ھەپتىدە 4 كۈن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى كۈن بىلىم ۋە تېخنىكىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىلىمگە ۋە ئۇچۇرغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى روشەن دەلىللەپ بېرىدۇ.

## ئىپتىدائىي كۇتۇبخانىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى

كۇتۇبخانىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ھازىرغىچە كۇتۇبخانىچىلىق ئۈچ قېتىملىق ئىنقىلابنى بېشىدىن كەچۈردى.

### 1 ـ تۇنجى قېتىملىق كۇتۇبخانىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى

قەدىمكى زامانلاردا خەت ھېرۇغلىپ شەكىللەردىن ئاستا ئاستا ھەرپ ئاساسىغا كۆچۈپ، كىتابلار يېزىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئالىم، دانا كىشىلەر ۋە ئەمەلدارلىرى شەخسى كىتاب يىغىشقا باشلىغان. كېيىن تەرەققىي قىلىپ كىتابخانا بىنا قىلىپ مەخسۇس جۇغلانمىلىرىنى يىغقان ۋە يىغدۇرغان.

مەلۇم بىر كىشىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتسە مەرھۇم بىلەن بىرگە ۋەسىيەتنامە، ۋەسىقە كىتابلارنىمۇ بىللە كۆمۈلىدىغان دەۋرلەرمۇ، كىتابلارنى يادلىتىدىغان، كۆچۈرتكۈزىدىغان، يىغىدىغان دەۋرلەرمۇ بولغان. بۇ دەۋرلەرنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

① جاھىلىق كۇتۇبخانىچىلىق دەۋرى» مىلادىدىن ئىلگىرى يۇنانلىقلار ئادەملىرىگە «ئىلىئادا»، «ئودىسسېي» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئىسرائىللار ۋە بابىل، ئاسسۇرىيەلىكلەر ئىبرانى تىلىدىكى «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئەرەب، پارس ۋە تۈركلەر بولسا، «قۇرئان»، «مەسنەۋى»، «ھەدىس» ۋە «نوم» لارنى ياد ئالدۇر-

غان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدىكى خەۋەرچىلىك ئىشلىرىدا پوچتا بولمىغاچ، خەۋەرچىلەر تاپشۇرۇلغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يادقا دەپ ماڭىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. ھەتتا، بۈگۈنكى ئېسكىموسلارغا ئوخشاش خەتلەرنى يىپ تۈگۈنى، ياغاچ پۈتۈكى قاتارلىقلار بىلەن ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، كىتاب ۋە يازمىلاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا بىلىپ كېتەلمەي بول-مىغانلىقتىن كىشىلەر ئەشۇ خىل يازمىلاردىكى مەزمۇنلارنى بىر تەدەر چۈشەنگەن كىشىلەردىن سوراپ ئۆگىنىدىغان ۋە شۇ ئاساستا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بو-لىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. يۇقىرىقىلار ئىنسانىيەتنىڭ جانلىق كۇتۇپخانىچىلىق دەۋرى ياكى كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ جانلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

② قەۋرە — (گۆرىستانلىق) كۇتۇپخانىلىرى: قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنلا ئادەم باللىرى ئارىسىدا قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش، تالاش يۈز بېرىشكە باش-لىدى. غالىبلار مەغلۇبلارنى بوزەك ئېتىپ، ئۇلارنىڭ يەر - زېمىن، ئۆي - ماكان، خوتۇن - قىزلىرىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلىغاندىن تاشقىرى تەئەللۇقاتلىرىغا ئوت قويۇپ، خالىغانچە ۋەيران قىلىدىغان زالىم ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەنلىكتىن ئىن-سانلار ئارىسىدا خاتىرجەمرەك ۋە تىنچراق جاي دەپ، كىتاب، ۋەسىقە، توختام ھۆججەت، خەت - چەك ۋە مال - دۇنيالىرىنى قەۋرىستانلىقلاردا ساقلاپ كۆڭلى ئەمىن تېپىشقاندىن كېيىن، قەبرىستانلىق كۇتۇپخانىلىرى بارلىققا كەلدى.

مىسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر خوفۇ پىرامىداسىدىن تارتىپ «سۇلتانى قەمش مۇس-لىمىن» (ئاقسۇدا) «ھەزرىتى موللام» (قەشقەر ئوپال) «يۈسۈپ قادىرخان غازى پادى-شاھىم — خاس ھاجىپ» (قەشقەر خەلق باغچىسىدا)، سەيىت ئەلى ئارسلانخان (يېڭى-شەھەر ئوردامدا) مازارلىرىدىكى «كىتاب ساندۇق» لىرى ۋە قەبرىلەر ئىچىدە، تاكچى-لاردا ساقلانغان كىتاب، خەت - چەك، ۋە ۋەسىقىلەر قەبرىستانلىق كۇتۇپخانىچىلىق-نىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

③ كىتابلارنى ئۆزگەرتىش دەۋرى: دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە قەدەم قوي-غاندا كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمكى كىتابلارنى ئۆز راھى بويىچە ئۆزگەرتىدىغان «ھا-ۋارىيۇنچىلار»، «بىدئەتچىلەر» چىقىپ، كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى ئۆزلۈك ئۇ-سۇللار بىلەن قىرىپ، ئۆزىگە ياقمىغان مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىدىغان ئىشلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. شۇڭا كىشىلەردە كىتابلارغا گۇمانىي قاراش پەيدا بولىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى.

پىرئاۋن دەۋرىگە كەلگەندە ئىسكەندەرىيەدە يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۇتۇپخانا تەسىس قىلىپ، مىسىر تەۋەسىدىكى كىتاب، خەت يېزىلغان تېرە، تاختىلارنى توپلىغان ھالدا بىر كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانىچىلىق كەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پى ئۇيۇشتۇرۇلغان. شۇندىن كېيىن پېرگام (كىچىك ئاسىيا) شەھىرى كۇتۇبخانىسى زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ كەتكەن. پېرگاۋىنلار تېخى قەغەز ئىشلىيەلمىگەندە پېرگاملىقلار بىردىن قەغەز ئىشلەشنى ئۆگىنىپ، پابىرىس (نىل ۋادىسى ئۆسۈملىكى)، قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن قەغەز ئىشلەشنى يولغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن تېرە-قەغەزلىرى بىر ياقاقشاكلىقا سىققىدەك دەرىجىدە سۈپەتلىك بولمىسىمۇ، سانى چەكلىك ئىدى.

704 - مىلادىيەدە ئەرەبلەر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھەممىدىن بۇرۇن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلەشكە تىرىشىپ، ئۇنى سەمەرقەندتىن دەرھال ئەندەلۇس، سىتسىلىيە، سىبىردىيەلەرگە يەتكۈزۈپ، زور تىپتىكى قەغەز كارخانىلىرىنى قۇرغان. ئۇلار چوڭ تاختىلىق باغدات قەغىزىدىن تارتىپ، كەپتەر بىلەن ئەۋەتىلىدىغان ئاخبارات ۋە خەت قەغىزىنىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

موزا شىرىنىسى، تۆمۈر سۇلفات، ياغاچ سىمۇلىسى ۋە ئەرەب يېلىمىنى خام ماتېرىيال قىلىپ ياسالغان سىيا پەيدا بولغاندىن كېيىن كىتابەتچىلىك دۇنيادا قايتىدىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

قەدىمكى دەۋرلەردە كىتابلار ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ئۇزاق مۇددەت ساقلاشنى مەقسەت قىلىپ ئالتۇن ۋاراقلارغا كۆچۈرگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. يېقىندا سىرىلانكىدا بىر بۇتخانا تېمى ئاستىدىن 5 - ئەسىردە يېزىلىپ، 15 - ئەسىر تۇپا ئاستىدا كۆمۈلگەن 14 ئالتۇن بەتكە يېزىلغان بىر كىتاب تېپىلغان. ئۇ ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەمەن جۇمھۇرىيىتى سىنئا مەسچىتى تورۇسىدىن تۆتىنچى خەلىپە ئەلى بىننى ئەبۇ تالىپ دەۋرىدە يېزىلغان «قۇرئان» نۇسخىسىمۇ تېپىلغان. ئۇمۇ ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىماي ئۆز پېتىچە تۇرغان.

كىتابلار قەدىمدە تولىمۇ ئەتىۋارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوغرىلىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ شىرەگە زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ساقلىناتتى. پارىژ مېدىتسىنا كۇتۇپخانىسىدا بۇ ئەھۋال تاكى 1770 - مىلادىيىگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئىتالىيە ئارخىلوگى سىيىرون مافقى يېقىندا ۋېرون خارابىسىدىن ۋېرون كۇتۇبخانا ئامبىرىنى تاپتى. بۇ نەتىجىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلار بايقىلىشى مۇمكىن.

بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ بىرىنچى ۋارىسى سۇلتان ئابدۇرىشىتخان قەشقەردە ۋالىلىق ئىشىنى بېجىرىۋاتقان ئوغلى سوپى سۇلتانغا «.... پەرزەندى چەمەنزارىم: بۇزرۇكۋارغە سۇتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم، باھادىر ئىسلام، پەزىلەتلىك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرە گورۇستانىنى تەمىر ئەيلەپ، كىتابلار ياردۇرۇپ، ۋەخپى قىلىپ، نامى ئەزىزىمىدىن سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەقبالىنى فۇزۇن ئەي-

لىگەيسىز...... دەپ نامە يېزىپ، ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلغان.

يۇقىرىقى دەلىل ۋە پاكىتلار قەدىمكى كۈتۈپخانا ۋە كۈتۈپخانىچىلىقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىگە كەلگەندە كۈتۈپخانا ۋە كۈتۈپخانىچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن كۈتۈپخانا جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلدى. بۇ دەۋردە بۇرژۇئا ئالىملىرى ۋە جاھانگىرلار دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە قاتراپ، ئومۇميۈزلۈك قېزىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۆزى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشىكىنىڭ بىر تارمىقى بولغان شىنجاڭ رايونىغا نوقتىلىق تىكىلدى.

1902 - يىلى ئاۋغۇستتا ياپونىيىلىك داگو گۇاڭرۇي بەش كىشىلىك ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىپ، روسىيىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇغچات ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، يەكەن ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ، ئۇ يەرنى غەيرىي مەخسەت بىلەن قېزىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە 1906 - يىلى تۇرپاندىن قارتىپ خوتەن ۋە تەكلىماكانلارنى تەكشۈرۈپ، جۇدەۋەنچاۋ - سىبولۇكرۇك سىلاتلار بىلەن قەشقەردە ئۇچرىشىپ، ئوغۇرلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كېتىشتى.

داگو گۇاڭرۇينىڭ ئون يىللىق تەكشۈرۈشىدە 7733 - پارچە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز تالاپەتكە ئۇچراپ كەتتى. (بۇنىڭ 4380 پارچىسى خەنزۇ يېزىقىدا 973 پارچىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا، 445 پارچىسى ھىندى، ۋە تاڭغۇتچە، 530 پارچىسى ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى تام سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت) بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ھازىرغىچە لوڭكوڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانماقتا. داگو گۇاڭرۇي بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ «غەرب ئەللىرى مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن بەش توملۇق ئەسەرىنى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا مۇۋەققەق بولالىدى.

1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك شاۋۋېي بوۋېر قەشقەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا كۇچادىن تېپىلغان قەدىمكى كىتاب خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇيەرگە يېتىپ بېرىپ، سانسكرىت يېزىقىدا 4 - ئەسىردە قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما كىتابىنى قولغا چۈشۈرۈپ، دەرھال كالكۇتتىغا يۆتكەپ كەتكەن. 1892 - يىللىرى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى دوترۇۋگەل خوتەندىن قېيىن قوۋزىقىغا قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنى پارىژغا ئېلىپ كەتكەن.

1903 - 1907 - يىللىرى شىۋېت ئالىمى بىلۇت كۇچا سۇ بېشى كونا شەھەر خارابىسىدىن قەدىمكى كۈتۈپخانىنى تېپىپ، كۇچا قەدىمكى تىلىدا يېزىلغان كىتاب،

ھۆججەت، سالنامە ۋە ۋەسىقىلەرنى؛ 1908 - يىلى دۇنخۇاڭ كۈتۈپخانىسىدىن ئۇن نەچچە پارچە قىممەتلىك كىتابلارنى ئېلىپ كېتىپ، «توخار تىلى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ يۇرتقا كۆزى چۈشكەن دوكتور ئاۋرېل ستەيىن (ئايدىن تورە)① ھىندىستان ئارقىلىق 1906 - يىلى بىرىنچى قېتىم، 1908 - يىللىرى 2 - قېتىم كېلىپ خوتەندىكى قەدىمىي تەكشۈرۈش بىلەن بولۇۋاتقاندا، دۇنخۇاڭ يەر ئاستى كۈتۈپخانىسى تېپىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ، 24 ساندۇق قەدىمكى كىتاب، 5 ساندۇق رەسىم ۋە ھەيكەل قاتارلىق 10 مىڭ پارچىغا يېقىن قىممەتلىك بۇيۇملارنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان. 1913 - ۋە 1916 - يىللىرى 3 - قېتىم يەنە كېلىپ خوتەن، مىرەنلەرنى تەكشۈرۈپ يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئىگە بولغان. 1930 - يىلى ستەيىن 4 - قېتىملىق قېدىرىش سەپىرىنى لوپنۇرغا يۆتكىگەن. ئۇ لوپنۇردا ئىگە بولغان نەرسىلەرنى كارۋان سالتاڭ قاسىم دېگەن كىشىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ قويۇشى بىلەن لوندونغا قايتىپ- ئېلىپ كەتكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «قەدىمكى خوتەن»، «غەربىي يۇرت ئارخىلوگىيە خاتىرىسى»، «ئاسىيانىڭ ئىچكى جايلىرى»، «جۇڭگو ھىندىستان ئارىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

يۇقىرىقىدەك قانۇنسىز قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئۆز مىللىتىنىڭ دەخلىق ۋارىسلىرى بولغان مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە مەرىپەتنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. موللاسىدىق قەشقىرى، ئابدۇقادىر قازى كالان، باھاۋۇدىن مەخسۇم، ئابدۇقادىر داموللام، قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئالىملار خەلقنى ئويغىتىپ، بۇ مەدەنىي مىراسلارنىڭ ھەقلىق ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن چەت ئەللىك قېدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەر بۇ زېمىنغا قايتا ئاياق بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى قەدىمكى شەھەر قەشقەردە 10 - ئەسىردە «مەدرىسەئى ساچىيە»، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ناملىق ئىلىم يۇرتلىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى «دۆلەت باغ» دېگەن يېزىنىڭ «بارىگاھ»① كەنتىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت باغ دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق ئوردىسىدىكى باغنىڭ غەربىگە — تۈمەن دەرياسى ساھىلىغا «سائادەت كۈتۈپخانىسى» دېگەن بىر كۈتۈپخانىنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى قەدىمكى يەر-نام تەزكىرىسى

---

①ستەيىن ئۇيغۇر تىلىنى تولۇق سۆزلىگىنى ئۈچۈن خوتەنلىك كىشىلەر ئۇنى ئايدىن تورە دەپ ئاتاشقان. (ئا).

ۋە ۋەسىقىلەردە قەيت قىلىنغان.

بۇ كۆتۈبخانىدىمۇ ئۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى جەملەنگەن بولسىمۇ، خىزىرخوجا دەۋرىدىكى تۆپىلاڭدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. كۈتۈپخانىدا ساقلانغان مەشھۇر ئالىم مۇھەممەت بىننى ئەبۇل قەشقىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «كىتابۇ زىرائەت» ناملىق كىتابىدا قەشقەردىكى گۈللەردىن: بىنەپشە، سۈنبۇل، رەيھان، گۈلى ئابباس، نافەرمان، ئەبرۇ، سەۋسەن، ئەنبەرۇ، خۇشا گۈل، نايۇ، ياسەمەن، گۈلشەن، گۈلى سەدبەر، قامچا گۈل، ھېيداد، تۆگە قۇيرۇق، قەلە گۈل، خوباد گۈل، گۈلى قەھقەھ، گۈلى ئەمەش، باھادى، گۈلى نەرگەس، خورۇبەس، تاجىگۈل، گۈلى شەمسى، گۈلى كاككۇك، گۈلى نەسرىن، لالە، خىنە گۈل، چىنە گۈل، گۈلى ھىندۇ، گۈلى كەشمىر، قىزىل گۈل، ژالە، ئەترە..... قاتارلىقلار؛ باغ ئۆسۈملۈكلىرىدىن: ئانار، ئەنجۈر، پىستە، بادام...؛ خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەردىن: مېھرىگىيا...؛ زىنەت دەرەخلىرىدىن: قارا - سېرىق سۆگەت، چىنار، تال، مەجنۇن...؛ چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن: جۇزغۇن، يۇلغۇن، سوك - سوك، چاكاندا، قىزىق بوغۇم، ئادراسمان، (زەھەر ئېلىشقا) قومۇش، يەكەن، چىغ...؛ كۆكتاتلاردىن: سەۋزە، چامغۇر...؛ ئۆي ھايۋانلىرىدىن: توي...؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن: قۇلان، چىركىن قۇلاق، (ياۋا ئات) جەرەن، ئارقار، ياۋا ئۆچكە، قاڭشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، كېيىك...؛ كۆشەندە ھايۋانلاردىن: بۆرە، يىلپىز، تۈلكە، ئېيىق، شىر، سىلەيسۈن...؛ ھايۋان ۋە قۇشلاردىن: پايپاقلىق چىل، قىزىل تۇمشۇق قاغا؛ قۇزغۇن، دوغداق، كەكلىك، ئولاي، بۇلغۇن، ئاغمىخان، سوسەر، جاڭگال توشقىنى...؛ يىرتقۇچ قۇشلاردىن: يايلاق، بۈركۈتى، قىزىل لاچىن، سېرىق تىرناق، لاچىن، سا، چۇغۇندەك، غىجى، لاچىن دىۋانى قاتارلىقلار بار دەپ، ھەممە قۇش، ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھلارنى داۋاسى بىلەن قوشۇپ يازغان. ئۇندىن باشقا كىتابىتا يەنە 12 مۈچەلنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالمىسىمۇ يېزىلغان. مەسىلەن:

| ئۇيغۇرچە ئاتالمىسى: | پارسچە ئاتالمىسى |
|---|---|
| ① قوزا | ① ھەمەل |
| ② ئۆي | ② سەۋرى |
| ③ قوشكېزەك | ③ جەۋزا |
| ④ يولۋاس | ④ ئەسەد |
| ⑤ نەھەك | ⑤ سۈنبۇل |
| ⑥ بۇغداي بېشى | ⑥ سەرتان |
| ⑦ تارازا | ⑦ مىزان |

⑧ چايان ⑧ ئەقرەب

⑨ ياچاق ⑨ قەۋس

⑩ ئوغلاق ⑩ جەدى

⑪ سوغا ⑪ دەلۋى

⑫ بېلىق ⑫ ھوت

ئۆزىنى ئىمپېراتور ئەزىم دەپ ئاتاشقا پۈتكۈل ئاۋامغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن داۋگاڭنىڭ قەشقەرگە تويغان ھاكىمى لىۋكېچىنلىك زوھرىدىن ھېكىمبەگنىڭ كاتىۋى ئابدۇرېھىم سىجىلات (نازارى)، نورۇز ئاخۇن كاتىپ، قاتارلىقلارنى ھەربىكەتكە كەلتۈرۈپ، توققۇز يۈزتىنىكى ئەھلى خەتتاتلارنى ئوردىغا يىغىپ، ئوپالنىڭ دوغىلات دېگەن يېرىدىكى 5 مولۇق باغقا ئۇلارنى پاراۋان تۇرمۇش بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ شائىر ئابدىرېھىم نىزارىنى باش قىلىپ «ئەخلا قول مۇھسىنى» (گۈزەل ئەخلاق)... قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇ، مانجۇ ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا ئويۇلغان تامغىسىنى بېسىپ، شەھەر ۋە سەھرالاردىكى مەدرىس، مازار، مەكتەپلەرگە «ۋەخپى ئام» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈبخانىنىڭ قەدىمكى كىتابلار ئارخىپ ئامبىرىدا ساقلانماقتا.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى 20 دىن ئارتۇق «مەدرىسە» نامى بىلەن تونۇلغان ئىنستىتۇتلارنىڭ ھەممىسىدە كۈتۈبخانىلار بار بولۇپ، ئۇلاردىن «تالىپ» دەپ ئاتالغان ئەيىنى دەۋر ستۇدېنتلىرى پايدىلىناتتى. قۇمۇل ۋەقەسىدىن كېيىن 1932 - يىلى قەشقەر ئەنجان رەستىسىدە «مىللەت كۈتۈپخانىسى» 1938 - يىلى خەلق كۇلۇبىدا «ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۈتۈبخانىسى» «مىن جاۋگەن كۈتۈپخانىسى»؛ 1950 - يىلىدىن شەھەردە «خەلق كۈتۈبخانىسى» «دوستلۇق كۈتۈبخانىسى»، «بالىلار كۈتۈپخانىسى» قاتارلىق كۈتۈبخانىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى 1956 - يىلدىن باشلاپ، رەسمىي ھالدا شەھەرلىك كۈتۈپخانا قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە خەلق ئۈچۈن بىر قىسىم ياخشى خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھىرىدە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، دارىلمۇئەللىمىن، ھەر قايسى تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە زاۋۇت - كان - كارخانىلار ئاچقان شەخسلەر يولغا قويغان ھەر خىل شەكىلدىكى كۈتۈپخانىلارمۇ ئۆز رولىنى نۇرلۇق جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

## ھازىرقى زامان كۈتۈپخانىچىلىقى ۋە كۈتۈپخانىلارغا تەلەپ.

ئۈچىنچى دەۋرى مۇقەررەركى بىلىمگە موھتاج. ئۇنداقتا بىلىم خەزىنىسى ھېساب-

لانغان كۇتۇپخانىلار كەسپ جەھەتتە ئەنئەنىۋى كۇتۇپخانا باشقۇرۇش بىلىم جىزغىلاش رامكىسىنى شىددەت بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، زامانغا، دەۋرگە لايىقلىشىشى كىشىلەرنىڭ تەلىپىدىن چىقىش لازىم.

دۇنيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى ئىشلىتىۋاتقانغا 20 يىلدىن ئاشتى.

مەملىكەتلىك كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1982 - يىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ۋەكىللەرگە كۆرسەتكەن ئامېرىكا كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان فىلىمى ئېلىمىز كۇتۇپخانا ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئاجىز ۋە ئېھتىياجغا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئوچۇق تونۇتۇپ قويۇش بىلەن بىرگە، كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، كۇتۇپخانىلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، سەۋىيىسىنى ئۈزلىكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويىدى.

ئېلىمىزنىڭ كۇتۇپخانىچىلىقى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قالاقھالەتتە باشقۇرۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىتاب زاپىسى جەھەتتە خېلى تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: 74 يىللىق تارىخقا ئىگە دۆلەتلىك بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى ھازىر 10 نەچچە مىليون كىتاب فۇندىگە ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن تاشقىرى مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتە دۆلىتىمىز مىقياسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

80 يىللىق تارىخقا ئىگە تىيەنجىن شەھەرلىك كۇتۇپخانىسى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قېپقالغان كىتاب ساقلاش بىناسىدىن زامانىۋى كۇتۇپخانا ھالىتىگە ئۆزگەردى.

گارۋاردىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسى 1638 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا بويىچە كىتاب فوندى ئەڭ كۆپ ۋە مۇكەممەل بولغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ئاساسەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ.

قوشما شىتاتلار جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچىنچى زوڭتۇڭى جېففىرسوننىڭ تەرەپىدىن ۋاشىنگىتوندا 1800 - يىلى بىنا قىلىنغان كۇتۇپخانىدا 18 مىليون كىتاب فوندى، 5705 نەپەر ئىلمىي خادىمغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۆلۈمىدىلا 800 نەپەر خادىم دائىمىي ئىشلەيدۇ. كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب جاھازلىرى قاتار قىلىپ تىزىلسا، 523 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا يېتىدۇ.

ب. د. ت نىڭ نيۇيورك ھەيئىتىنىڭ رايونىدا تەسىس قىلىنغان «ھاماشىرىت» كۈتۈپخانىسىنىڭ پۈتكۈل جاھازلىرى ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇمۇ دۇنيادىكى مەشھۇر كۈتۈپخانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

بىرىتانىيە كۈتۈپخانىسى ھازىر لازىرنۇر ئارقىلىق كىتابلارنى لىنتىغا كۆچۈرۈشتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا 43 مىليون خەتتىن تۈزۈلگەن (30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قىستۇرما رەسىمى بىللە چۈشۈرۈلگەن) «ئۇلۇغ بىرىتانىيە قامۇسى»غا ئوخشاش كىتابلار بار. مۇشۇ بىر كىتابنىلا ئورۇنلاشتۇرسا ئادەتتىكى بىر كۈتۈپخانا شەكىللىنىدۇ. ھازىر كۈتۈپخانا ساھەسىدىكى ئىجادىيەتتە «ئۇلۇق بىرىتانىيە قامۇسى» چوڭلىقىدىكى ئەسەرنى 20 ك. ۋ. س. م. لىق بىر پارچە لازىرنۇر پىلاستىنكىسىغا كۆچۈرۈۋېلىش مۇمكىنلىك ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. مۇشۇ خىل ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دۆلەت ئارخىپىنى مىڭ دانە لازىرنۇر پىلاستىنكىسىغا كۆچۈرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئۇچۇر دەۋرىگە، قەدەم قويغان مۇشۇ دەۋردە دۇنياۋى كەسىپ بولغان كۈتۈپخانىچىلىق مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە دۆلىتىمىز كۈتۈپخانىچىلىرىمۇ جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كۈتۈپخانىچىلىرىمىز ئۆزىمىزنى لازىرنۇر پىلاستىنكا خاتىرىسى كەسپىگە لايىقلاشتۇرىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلار ئۇچۇر دەۋرىنىڭ خەۋەرلىشىش، بىلىملىشىش، تارقىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇنى ھەر قايسى كۈتۈپخانىنىڭ ئۆز كەسپىگە سىڭدۈرمىسە ۋە لايىقلىشىشقا تەييارلانمىسا مۇۋاپىق بولمايدۇ.

كۈتۈپخانا ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش ۋە دەۋرگە لايىقلاشتۇرۇشتا كەسپكە ئېتىبار بېرىش، خادىملارنى تاللاپ ئىشلىتىش ۋە كەسپكە لايىق ئىشقا قويۇش، بىر تۇتاش نەتىجە، ئۆلچەم، سالاھىيەت، سۈپەت، سۈرئەت، ۋە پىروزىتسىيىلەرگە قاراپ ئىلمىي ئۇنۋان باھالاش، قەرەللىك ھالدا كەسپىي خادىملارنى ئىمتىھان ئېلىش، ئىمتىھان ئالغاندا ھەر قايسى كەسپنىڭ ئادەتتىكى ۋە مۇرەككەپلىكىگە، نەتىجىسىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ ماددىي مەنپەئەت بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. كەسپنى ئۆزلىكىدىن سۆيىدىغان، ئىزدىنىدىغان خادىملارنى مەخسۇس كەسپىي تېخنىكوملارغا ئەۋەرتىپ تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ كەسپىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا كۈتۈپخانىچىلار ئۆز خىزمىتىنى ئەڭ بالدۇر ئىشلىيەلەيدىغان، دەۋرگە ماسلىشىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ھەقىقىي كەسپىي خادىم بولۇپ چىقالايدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى گرېك شەھىرى

پائول بېرنارد*

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ پارسلارنى بويسۇندۇرۇشى نەتىجىسىدە، هازىرقى ئافغانىستان چېگراسى ئىچىدە بىر گرېك دۆلىتى مەيدانغا كەلگەنىدى. فرانسىيەنىڭ بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئون بەش يىل قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاشۇ دۆلەتكە تەۋە بىر شەھەر—ئەيقانۇم شەھىرىنى تاپتى.

ھەممىگە مەلۇمكى: ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356—يىلىدىن ئىلگىرىكى 323—يىلىغىچە) كىچىك ئاسىيا گرېك شەھەرلىرىنىڭ ئازات قىلغۇچىسى، مىسىر ئىستىلاچىسى ھەم پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى دارا (Darius) III نى مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر.

كىشىلەرنىڭ ئازغىنە بىلىدىغانلىرىغا ئاساسلانغاندا: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن پارس ئىمپېرىيىسىنى ئىستىلا قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتكەن، ئوكسۇس دەرياسى (Oxus ھازىرقى ئامۇ دەرياسى) ۋادىسىدا گرېكلەشكەن بىر دۆلەتنى بەرپا قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3—ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2—ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلاردىكى بۇ گرېكلەشكەن دۆلەت، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە تۈركمەن، تاجىك ۋە ئۆزبېك رېسپۇبلىكىلىرى، ئافغانىستان، پاكىستان چېگراسى دائىرىسىدىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەپسۇسكى، قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى مېتال پۇللار بىر قىسىم — گرېك خاتىرىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئاشۇ گرېك ئىستىلاچىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئىسپات بولالىغۇدەك ھېچقانداق بىرەر ئىز تېخى ھازىرغىچە يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. بەزى ئالىملار ھەتتا، «گرېتسىيە—باكتىرىيەنىڭ ئىز دېرىقسىزلىقى» (ئىزدىـ

* پائول بېرنارد — پارىژ، گرېك ئارخېئولوگىيىسى ئالىي تەتقىقات تەجرىبە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى.



AltunOq

www.uyghurkitap.com

قۇيرۇقتىن سىزغا ئوخشاش ۋىلىلداپ كۆرۈنىدىغان بىر خىل ئېقىم ـ ت) دەپمۇ ئاتاتتى.

مانا ھازىر ئافغانىستان ـ سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئافغانىستان تەرىپىدىن بىر قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسى تېپىلدى. بۇ خارابىنىڭ تېپىلىشى، گرېكلەشكەن باكتىرىيە خانلىقىغا قارىتا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان گۇمانلىق قاراشلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. فرانسىيىنىڭ بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، ئەيقانۇم شەھىرى خارابىسىدا 15 يىل جاپالىق ئىشلەپ، گرېك مەدەنىيىتى پەيدا بولغان جايدىن 5000 كىلومېتىردىن كۆپرەك يىراقلىقتىكى ئوخسۇس دەرياسى بويىدا، ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت گۈللەپ ئاۋاتلاشقان بىر گرېك دۆلىتىنىڭ ھەقىقەتەن بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ھۆججەتلىرىدىن ئېرىشكەن ئازغىنە ئەمەلىي پاكىت. بۇ جاي گرېكلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشتىن ئىلگىرى، پارسلارنىڭ چېگرا رايونىدىكى بىر ۋاقىتلىق ئۆلكىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆلگەندىن كېيىنكى 20 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ سەبدىشى سېلېكوس (Seleugus)، ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى ــ سۈرىيىدىن تارتىپ ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرىگىچە بولغان رايونلارنى كونترول قىلدى. بۇ جايلار باكتىرىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. [7 ـ رەسىمگە قاراڭ] مانا ھازىر باكتىرىيىدىكى مەشھۇر «مىڭ شەھەر» دىن پەقەت ئەيقانۇم شەھىرىلا تېپىلدى. بۇ شەھەرنىڭ قۇرغۇچىسى زادى كىمدۇ؟ شەھەرنىڭ قۇرغۇچىسى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولماستىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 305-يىلى ئۆزىنى ۋارىس سۈپىتىدە «خان» دەپ جاكارلىغان سېلېكوس ئىدى.

سېلېكوسنىڭ كېيىنكى يېرىم ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا باكتىرىيە ھەر قايسى رايونلار بىلەن يەنىلا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىپ تۇردى.

ئىستېلاچىلارنىڭ ئاھالە كۆچۈرۈشى بۇ ئۆلكىدىكى گرېك ئاھالىسىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىۋەردى. نەتىجىدە بۇ شەھەرنىڭ گرېكلەشكەن مەدەنىيىتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250-يىللىرى ئەتراپىدا سېلېكوس خانلىقى بىلەن ئۇنىڭ غەربتىكى دۈشمەنلىرى قارشىلىشىپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان باكتىرىيە، تىنچ يول بىلەنلا سېلېكاس ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بىر دۆلەت بولىۋالدى. دەسلەپتە گرېتسىيە بىلەن باكتىرىيىنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسى ئوخسۇس دەرياسى ۋادىلىرى بىلەن چېگرىلانغان ئىدى. كېيىنچە

باكتىرىيە دۆلىتى ئۆزلىكسىز جەنۇبقا كېڭەيىپ، ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى مەدەنىيەت زېمىنلىرىنىمۇ ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى.

گرېكلەشكەن بۇ كەڭ زېمىن، تولىمۇ ئاۋات بولغاچقا ھەمىشە شىمالدىكى كۆچمەنلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ تۇراتتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 145-يىلى ئەتراپىدا ئەيقانۇم شەھىرىدىكى گرېكلەر، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن كۆچمەنلەر تەرىپىدىن شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. مىلادىدىن 100يىل ئىلگىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى گرېتسىيەگە قاراشلىق مەلۇم بىر دۆلەت خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا بىر نەچچە ئون يىل قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گرېك مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە قاراپ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشىگە خاتىمە بېرىلدى.

ئەيقانۇم شەھىرى خارابىسى ئوخسۇس دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقىي سول قىرغىقىغا جايلاشقان. [8-رەسىمگە قاراڭ]. بۇ يەردە دەريا، ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ، چوڭ تۈزلەڭلىكلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، كوكچا دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. خارابىدىن يىراقتىراق جايدىكى يولوچىلار ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئوخسۇس دەريا كېچىكى ۋە ھىندى كارۋان يولى ھەربىي قاراۋۇلخانا قۇرۇشقا تازا باپ جاي ئىدى. بۇ جايغا بىر قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇلسىلا باكتىرىيىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى كونترول قىلىپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ئوخسۇس دەرياسى سول قىرغىقىدىكى جايلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

ئەيقانۇم شەھىرى يېنىدىن ئوخسۇس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىچە بولغان بۇ ئارىلىق، كەڭكەتكەن بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 10Km، ئۇزۇنلۇقى 35 Km كېلىدۇ. بۇ شەھەر قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ مەدەنىيەت زېمىنىدا زور كۆلەملىك سۇغىرىش تورلىرىدىن پايدىلىنىپ، تېرىقچىلىق قىلىناتتى. بۇ جايلار يېزا ئىگىلىك بايلىقى مەنبەيى بولۇپلا قالماستىن، چارۋىچىلىق، كانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ قولايلىق ئىدى. خارابىگە يېقىن جايدا يازدا چارۋا مال بېقىش مەيدانى قىلىشقا قولايلىق بىر تاغلىق جاي بار ئىدى. ئېھتىمالكى بۇ رايون چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ جاينىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ جاينىڭ تاغلىرىدا يەنە مول كان بايلىقلىرىمۇ بار. مەسىلەن كوكچا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كان رايونىدىن كۆك مەرمەر تاش، ئارىلاشما كۆك مەرمەر تاش، گۆھەر تاشلار چىقاتتى.

كوكچا دەرياسى بىلەن ئىخسۇس دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايىدا شەكىللەنگەن بۇ دېلتا بەلباغ قارىغاندا بۇ گرېك شەھەر پىلانلىغۇچىسىنىڭ شەرتلىرىنى تامامەن قانائەتلەندۈرگەندەك قىلىدۇ.

يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 60m ئېگىزلىكتە تەبىئىي بىر قورغان بار بولۇپ، شەرقىي تەرەپ ئېغىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ. تۆۋەن تەرەپتە ئىككى دەريا ئېقىنى ياقىسىدىكى تىك قىيالار، جەنۇبتىن شىمالغا 2Km، شەرقتىن غەربكە 1.5Km يەر بۆلىكىنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرىپىنى قوغداپ تۇرىدۇ.

كۆچمەنلەر پۈتۈن شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سېپىل ياساپ، بۇ شەھەرنىڭ تەبىئىي مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. سېپىل ئىككى دەريا ياقىسىنى بويلاپ، تاكى قورغاننىڭ تىك قىيالىرىغىچە تۇتاشتۇرۇلغان. تەبىئىي توساق بولمىغان، يەر شەكلى نىسبەتەن پەسرەك بولغان تۆۋەنكى شەھەرنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى بويلاپ، ئالاھىدە مۇستەھكەم سېپىل سوقۇلغان. سېپىل چىڭدالغان كېسەكلەردىن 10m ئېگىزلىكتە، 6—3m گىچە قېلىنلىقتا قوپۇرۇلغان. غايەت زور تۆت چاسا سېپىل راۋىقى، سېپىلنىڭ ئالدىغا ئاراپ 10m چە سوزۇلۇپ كەتكەن. بۇ بىر بۆلۈك سېپىل سىرتىغا ناھايىتى تىك، چوڭقۇر خەندەك قېزىلغان بولۇپ، بۇ خەندەك سېپىلنى مۇداپىئە قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئەڭ ئاخىرىدا، قورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە كىچىك بولمىغان ئىنتايىن مۇستەھكەم، كۆلىمى 150×100m كېلىدىغان بىر ئىستىھكام جايلاشقان. ئىستىھكامنىڭ ئىككى تەرىپىدە 80m كەلگۈدەك تىك قىيا بار. بۇ قىيا كوكچا دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. يەنە بىر تەرىپىدىمۇ دەريا بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قورغاننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدۇ.

مەركىزىي شەھەرنىڭ تۇرالغۇ رايونى بىلەن كۆپ قىسىم ئاممىۋى تۈزۈلۈشلىرى خارابىنىڭ سەل پەسرەك يېرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جايلاردا تۈزلەڭلىكتىكى ئېرىق ئۆستەڭلەردىن سۇ چىقىرىش نىسبەتەن قولايلىقراق. تۆۋەندىكى شەھەر ئاساسەن بىر ئوردىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ رايوندا غايەت زور مەبۇدىي بىنالار ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لايىھەلىگۈچى، بۇ تۈزۈلۈشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەر كۆلىمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەقسىتىدە بۇ شەھەرنىڭ چوڭ كوچا تۈزۈلۈشلىرىنى، قورغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر پارچە تۆپىلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ چوڭ كوچا سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبقا سوزۇلۇپ كوكچا دەرياسى قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ بىر قىسىم ئوردا ئىمارەتلىرى، شەھەرنىڭ جەنۇبىي يېرىم

قەسىرىنىڭ 250×350m كۆلەمنى ئىگىلىگەن، بىر ئەگمە يول ئوردا رايونىدىن چوڭ كوچىغا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ ئىككى كوچا تۇتاشقان جايغا غايەت زور بىر راۋاق يا سالغان. راۋاقنىڭ ئالدى تەرىپىگە تۆۋرۈك ئورنىتىلىپ، بىر كارىدور ھاسىل قىلىنغان. گىرېك قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىغا قارىتا ئوردا دېگەن بۇ نەرسە يات بىر ئۇقۇم ئىدى. ئۇلار پەقەت ئەستىلا قىلىنغان پارس خان ئوردىسىنىڭ نۇسخىسىنى كۆرگەن.

سۇسا (Elam ،Susa) دۆلىتىنىڭ پايتەختى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 522-يىلى بۇ جاينى دارا I پايتەخت قىلغان- ت)دىكى دارا ئوردىسىغا ئوخشاش، ئەيقانىم شەھىرى خان ئوردىسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا، مەمۇرىي مەركەز، تۇرالغۇ جاي ۋە خەزىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل رول ئوينىغان. بۇ بىر رەسمىي ھويلا بولۇپ [ۋەرەسسەمدىكى] كۆلىمى 137×108m كېلىدۇ. تۆت ئەتراپىغا تۇتقۇر تۈۋرۈك ئورنىتىلىپ كارىدور ھاسىل قىلىنغان. ھەر بىر قۇرغا 118 دانە يۇمىلاق تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. تۈۋرۈك ئۈستىگە بېزەك ئۈچۈن كېرىنىس پورمىسىدىكى تۈۋرۈك بېشى ئورنىتىلغان. ھويلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۈۋرۈكتىن شەكىللەندۈرۈلگەن كارىدورنىڭ سىرتىدا بىر زال بار بولۇپ بۇ زالنىڭ ئىچىگە ئۈچ قاتار تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. بۇ يەردىن ئوردىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. ئوردىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە مەمۇرىي مەھكىمە بىنالىرى قۇرۇلغان. بۇ بىنالارنىڭ ئىچىدىكى ھەر تەرىپى 52m دىن كېلىدىغان چاسا ئۆي ئەڭ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ چوڭ ئۆينىڭ ئىچى، ئۆز ئارا تىك كېسىشىپ ئۆتكەن ئىككى يول كارىدور ئارقىلىق سىممېترىك ھالەتتە ئايرىلىپ تۇرغان. ئىككى يۈرۈش ھوجرادىن تەركىب تاپقان شەرق تەرىپىدىكىسى ئىككى ئېغىز مېھمان كۈتۈش زالى بولۇپ، بۇ زالنىڭ تاملىرى ئۈستىگە تاشتىن تام تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلغان. غەرب تەرىپىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆي قارىغاندا ۋەزىر ئىشخانىسى بولسا كېرەك. ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىدە 60 دانە يۇمىلاق تۈۋرۈكتىن شەكىللەندۈرۈلگەن بىر كارىدورى بار. كېيىنكى بىر قورۇ بار بولۇپ، بۇ قورۇ قارىغاندا مەخپىي ئىشلارنى بېجىرىش ئورنى بولسا كېرەك.

شەخسلەر تۇرالغۇ جايى جەمئىي ئۈچ كورپۇس بولۇپ، ئوردا رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان. بۇلارنى ئوردىنىڭ باشقا قۇرۇلۇشلىرىدىن ئاسانلا پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەر كورپۇس تۇرالغۇدا تولىراق ئۆيلەردىن باشقا يەنە يۇيۇنۇش ئۆيى ۋە بىردىن سەينا بار.

ئوردىنىڭ غەرب تەرىپىگە بىر مەركىزىي ھويلا جايلاشقان. بۇ ھويلىنىڭ ئەتراپىدا بىر قاتار ئامبار ئۆيلىرى بار. بۇ ئۆيلەر خەزىنە قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ لايىھەلىنىشىمۇ يەنىلا گىرېك پاسونىدا بولغان. بۇ يەردىن تې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېپىلغان ئەسۋاپلار ۋە پارچە بۇيۇملار – مەرۋايىت، قارا ئاشلىق ئۇنى، پارچىلانغان كەنتكەن ئۈنچە مارجان، تاشقا ئايلانغان چىگىت، تاشقا ئايلانغان ئانار، كۆك مەرمەر تاش ۋە ئارىلاشما كۆك دەرمەرتاش... قاتارلىق قالدۇقلار بۇ ئۆيلەرنىڭ خەزىنە قىلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار 20 گېكتاردىن جىقراق يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ كۆلەم كىشىلەرنىڭ بۇ جاي ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلغان كۆلىمىدىنمۇ جىقراق كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ دائىرىسى، كىشىلەرنى «بۇ بىر ئوردا ئىكەندۇق» دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرمەي قويمايدۇ.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئەيقانۇم شەھىرى بىر پايتەخت بولۇپ، باكتىرىيە شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئوينىغان رولى جەھەتتىن غەربتىكى مەشھۇر شەھەر باكتىرا شەھىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇراتتى. بۇ يەردىن تېپىلغان بىر قىسىم مىس پۇللار، ئەيقانۇم شەھەردە پۇل قۇيۇش زاۋۇتىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ خىل پۇل قۇيۇش ھوقۇقى ئوردىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ھېسابلىناتتى.

ئۇنداق بولسا بۇ جاينى زادى كىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان؟ كىشىلەر: «بۇ جاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا كۆپ قېتىم غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغان مەشھۇر پادىشاھ ئېۋكراتىدېس (Eucratides مىلادىدىن ئىلگىرىكى 170—145-يىللار) دەپ قارىشىدۇ. ئەگەر ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەيقانۇم شەھىرى خەزىنىسىدە كۆپ مىقداردىكى ھىندى مىس پۇللىرى ھەم تەسادىپىي ئۇرۇشلاردا قولغا چۈشۈرۈۋېلىنغان قىممەتلىك بويۇملار ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق بۇ ئەھۋاللارنى ئىسپاتلاپ بېرەلىگىدەك ھۆججەتلەر يوق دېيەرلىك، پەقەت خەزىنىدە بىر نەچچە دانە قۇرۇق بوتۇلكىلارلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ بوتۇلكىلارنىڭ ئۈستىدىكى سىيا بىلەن يېزىلغان گىرېكچە ئويما خەتلەر، بۇلارغا ئىلگىرى بىرەر نەرسە قاچىلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

ھۆكۈمەت ئارخىپىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن خەزىنىگە ساقلاشقا تاپشۇرۇلغان ھىندى ۋە گىرېك پۇللىرى [5—رەسىمگە قارالڭ] غا ئاساسلانغاندا، ئەيقانۇم شەھىرى ئېۋكراتىدېس ئۆزى ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇش مەقسىتىدە ئىسمىنى ئېۋكراتىدىيا (Eucratidia) دەپ ئاتىغان جاي بولۇشى ئېھتىمال، بىراق بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى پەقەت قەدىمكى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان خالاس. مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئوردا ھەم ئۇنىڭ كۆركەم نەقىشلىرىدىن گىرېك-باكتىرىيە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى روشەن ئەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر كاھىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ (دەسلەپتە بىر نەچچە قەۋەتتە ئازغىنە پىششىق خىش ئىشلىتىلگەن) سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان، سىلىقلاشتۇرۇل-


Altun0q

غاندىن كېيىن ھالاك بولغان ئاقارتىلغان تاملاردىكى ئىپادىلىنىدۇ [1 ــ رەسىمگە قاراڭ]
ئۆي ئۆگزىلىرىنىڭ تەكشى بولۇشى شەرقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئەمما
قىزىل ساپال كاھىشلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە چىقىرىلغان نەقىشلەر، ئۆيگە ئىشلىتىلگەن
كاھىشلاردا يەنىلا گرېك ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيدۇ تۇرىدۇ. تاشتىن ياسالغان تام
تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھەيكەلسىمانلا گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەسلى قۇرۇلۇشلىرىدا تاش ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز ئىشلى-
تىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا تاشتىن ياسالغان بېزەك بۇيۇملىرىنى ئۇچ-
ئۇچرۇتۇش تەس. ئەيقانۇم شەھىرىدىكى تاشچى ئۇستىلار زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەسە-
ۋابلىرى بىلەن ناھايىتى كۆپ تاش تۈۋرۈكلەرنى ياساپ چىققان بولۇپ، بۇلاردا قە-
دىمكى ئۈچ خىل تۈۋرۈك بېشى شەكلى ئۇچرايدۇ. بۇلار: ئاددىيلىقى دورىك
(Doric) شەكلى، تۈۋرۈك بېشىغا قاينام شەكلىدىك بېزەك چۈشۈرۈلگەن ئىيونى-
يە (Ionic) شەكلى ۋە تۈۋرۈك بېشىغا يوپۇرماق شەكلىدىك نەقىش ئويۇلغان كورىنتىيان
(Corinthian) شەكلىدىن ئىبارەت.

قىسقىسى، شەھەرنىڭ غايەت زور كۆلەمى ھەم تەكشىلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلىشىنىڭ ئىنىق گېئومېترىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، قۇرۇلۇش ئۈستىسىنىڭ
سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇشتا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئادەمنى
ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

ئەيقانۇم شەھىرىدە يەنە باشقا ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار ھەم خېلى كۆپ بولۇپ،
بۇ شەھەرنىڭ تولىمۇ مۇھىم شەھەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش-
لاردىن بىر ئۈچ يۈرۈش قۇرۇلۇشنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەيلى. بىرىنچى يۈرۈش قۇرۇ-
لۇش ئوكسۇس دەرياسى قىرغىقىغا جايلاشقان تەنتەربىيە مەيدانىدىن ئىبارەت.
بىر پارچە ئويما يېزىقتا بېسىلغان تېكىستتىكى چۈشەندۈرۈشكە ۋە گرېك ئادەت-
لىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تەنتەربىيە ساردىنى ئۆگىنىش ۋە تەنتەربىيە مەشقى ئې-
لىپ بېرىش ئورنى بولۇپ، بۇلار ھېرمىس (Hermes گرېك ئەپسانىلىرىدىكى
ئۇرۇش ئىلاھى ــ ت) بىلەن ھېراكلىس (Heracles ــ گرېك ئەپسانىلىرىدىكى
قەھرىمانلىق ئىلاھى ــ ت) تەرىپىدىن ئورتاق قوغدىلىدۇ. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۆت
چاسا بولۇپ ھەربىرى 100m ئۇزۇنلۇقتا. بۇلارنىڭ تەكشىلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلۇشى يەنىلا گرېك پاسونىدا؛

بۇ يەردە يەنە بىر بۇرجەككە كىرەلىشىپ كەتكەن بىر يۈرۈش ئۆيلەر ۋە يۇ-
مۇلاق تۈۋرۈكلىنىڭكارىدور بىر مەركىزى قورۇنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ. بۇلارمۇ ھەم تاتىمىق
سىممېترىك ھالەتتە (ھەر ياننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىريولىدىن كارىدور، كارىدورنىڭ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يان تەرەپلىرىدە ئۆزدۈلمۇ-ئۆزدۈل جايلاشقان چاسا ئۆيلەر) بولۇپ، گىرېك-باكتېرىيە پۇرمىسىدىكى يېڭى تىپتىكى قۇرۇلۇشلار ئىكەنلىكىنى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى يۈرۈش قۇرۇلۇش بىر تىياتىرخانىسىدۇر. بۇ قۇرۇلۇش قورغان ئىچىدىكى تاغ باغرى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تەكشىلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى يەنىلا گىرېك پاسوندا، تىياتىرخانىنىڭ 35 رەت ئورۇندۇقى، رادىئۇسى 42m كېلىدىغان يېرىم چەمبەر شەكلىدە، بۇ تىياتىرخانىنىڭ سىغىمچانلىقى (6000 كىشىلىك دەپ تەخمىن قىلىنغان.) قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقنىڭلا ئەمەس بەلكى بابىلون خانلىقىنىڭ گىرېكلەشكەن دەۋرىدىكى تىياتىرخانىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقىدىنمۇ چوڭراق كېلىدۇ. روشەن گىرېك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بۇ قۇرۇلۇش شۈبھىسىزكى شەرقنىڭمۇ بەزى بىر تەسىرلىرىگە ئۇچرىغان. تاغ باغرى قاپتىلىغا ئۈچ ئېغىز ئازادە راۋاق ياسالغان بولۇپ، بۇنداق ئىسسىل ئورۇن ئەمەلىيەتتە گىرېك تىياتىرخانىلىرىدا ئۇچرىمايدۇ؛

ئۈچىنچى يۈرۈش قۇرۇلۇش شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا جايلاشقان قورال ياراق ئامبىرى بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى يۈرۈش قۇرۇلۇشقا ئوخشىمايدۇ. بۇلاردىن گىرېك تەسىرىنى تېپىش تەس. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140m، كەڭلىكى تەخمىنەن 100m كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، مەركىزىي قۇراغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەڭ ئېسىل تۇرالغۇ رايونى دەل ئىككى دەريا ئېقىنى قوشۇلۇپ كەتكەن جاينىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ شۇنچە كەڭرى جايغا 50 ئېغىزلا ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئۆيلەر شەرقتىن - غەربكە كەتكەن بىر يولنى بويلاپ، ماس ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ھەر بىر كورپۇس ئۆينىڭ ھەممىسىلا شىمال تەرەپكە قارىتىلىپ سېلىنغان. ھەممىسىدىلا بىر قۇردىن تۈۋرۈك ئورنىتىلغان سايىۋىنى، بىردىن ھويلىسى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆلىمى 65×35m دىن كېلىدۇ. [3-رەسىمگە قاراڭ]: بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى گىرېك پاسوندىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر مەركىزىي قورۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەرى ئىچىدىكى ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆيلەر بىلەن باشقا ئۆيلەر، ئالاھىدە ئۆيلەر بىلەن ئائىلىلىكلەر تۇرالغۇلىرى تاقا شەكىللىك بىر يول كارىدور ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان. بۇ يەردىكى ھويلا مەركەزگە جايلاشقان بولغاچقا، بۇ جاي ئارقىلىق تۇرالغۇ ئۆيلىرىگە ئۆتكىلى بولىدۇ. ئەمما خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئۆتكىلى بولمايدۇ.

ئەيخانۇم شەھىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى شۈبھىسىزكى مۇنچىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ھەر بىر مۇنچا ئىككى ئېغىز ئۆيگە ئايرىلغان. دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىرى ئۈچ

ئېغىز ئۆي بولۇپ، تاملىرى قىزىل رەڭلىك كۈل لاي بىلەن سۇۋالغان. يەر ئۇششاق تاش پارچىلىرى ياتقۇزۇلغان ياكى سېمونت بىلەن شېخىل تاشلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇۋالغاندىن كېيىن مەنزىرە رەسىملىرى نەقىشلەنگەن، (باشقا ئۆيلەرنىڭ يولى پەقەت لاي بىلەنلا سۇۋالغان.) [4-رەسىمگە قاراڭ]. بۇ ئۈچ ئۆي ئىچىدىكى 1-ئۆي كىيىم قويۇش ئۆيى، ئىككىنچىسى يۇيۇنۇش ئۆيى بولۇپ، بۇ ئۆيدە يۇيۇنغۇچى ئولتۇرۇپ ۋاننا ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. يۇيۇنغۇچى پەقەت چوڭ بىر ئىدىشتىن چۈشكەن سۇ بىلەن يۇيۇنۇشقا بولىدۇ. سۇ ئىسسىق ھەم سوغاق بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى 3-ئۆيدىن كېلىدۇ. بۇلار ئۆيۈن خوشنا ئاشخانىغا سۇ ئىسسىتىدىغان ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

گرېكلارنىڭ ئادىتىگە ئاساسەن، بۇ شەھەر ئاھالىسىدىن ئۆلگەن كۆپ سانلىق كىشىلەر، شەھەر سىرتىغا دەپنە قىلىنغان. ئاقسۆڭەكلەر مەخسۇس ئورۇقداشلار قەبرىستانلىقى شەكىللەندۈرگەن.

قەبرىستانلىقتا ناھايىتى كۆپ جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان. بۇلار ئۈچۈن مەخسۇس بىر مەركىزى قەۋرە يېنىدىكى ئىككى تەرىپىگە قەۋرە قاتۇرۇلغان. ئەمما ئىستېپلاچى، گرېكلەرنىڭ يەنە بىر خىل ئادىتى بىلەنمۇ تونۇش بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر مۆتىۋەرنىڭ شەھەر ئىچىگە دەپنە قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدە دوقۇق پەقەت ئىككى شەھەر ئاھالىسىگىلا بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرى خۇددى كىچىك ئىبادەتخانىلاردەك ياسالغان بولۇپ، ئورۇننىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىنراق بىر جايغا ئاتقۇزۇلغان. بىر دەۋر بۇرۇنراق ئۆتكەنلەرگە غايەت زور قەۋرىلەر ياسالغان. قەۋرىنىڭ ھەر تەرىپىگە تاش تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان. بىر دەۋر كېيىنراقلارغا ئادەتتىكىچە قەۋرە ياسالغان. قەۋرە ئالدىغا نەقىشلەنگەن، ئادەتتىكى ئىككى ياغاچ تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. بۇ قەۋرىگە دەپنە قىلىنغۇچى (Kineas) دەپ ئاتالغان كىشى بولۇپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەزكۇر قەۋرىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئالدىغا بىر دانە تاش تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. تۈۋرۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئالماقاچان يوقالغان. پەقەت ئۇل قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇلى ئەتراپىغا دېلفىي (Delphoi) شەھىرىدىكى ئاپالون ئىبادەتخانىسىدا بار بولغان 150 قۇر نەسىھەتنامىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەش قۇرلا ئويۇلغان. بۇ بەش قۇر نەسىھەتنامە تېكىستى غايىۋى گرېك كىشىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەخلاقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ نەسىھەتنامە پارچىسىدا: «ئۆسمۈرلىكتە ياخشى ئۆگەن. ياشلىقىڭدا بول ئېھتىياتچان، قىرانلىقتا بول توغرا-ئادىل، قېرىغاندا ئەقلىڭ چىنىقۇر، ئۆلگىنىڭدە قىلما پۇشايمان،» دېيىلگەن. ئېھتىمال بۇ—

نەسەبنامىنىڭ باشتىكى قىسمى تۆۋەنكىنىڭ يوقالغان قىسمىغا ئويۇلغان بولسا كېرەك. بۇ نەسەبنامىنىڭ بۇ جايلاردا تارقىلىشى ئېھتىمالكى، ئىستېلاچىلارنىڭ ئۇزاق زامان ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ساداقەتمەنلىكىنى بار كۈچى بىلەن ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەيتانىزىم شەھىرى خارابىسىدىن يەنە بۇ خىل ئارزۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ھۆججەتلەر تېپىلدى. مەسىلەن: ئويما تېكىستلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، مۇھىم بولغان ئاشۇ نەرسىلەردىن شۇنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇكى، كۆچمەنلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان 200 يىلغىدەك ۋاقىت جەريانىدا يەنىلا گرېك تىلىدا سۆزلەيدىكەن ھەم گرېك يېزىقىنى ئىشلىتىدىكەن. ھەتتا ئۇلار ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ھۆسنىخەت شەكىللىرى (زىننەت ئۈچۈن يېزىلغان خەتلەر ياكى تېز يازما خەتلەر) مۇھىم گرېك ئابىدىلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرغانغا ئوخشاش ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خەزىنە ئۆيلىرى قاتارىدىكى كۈتۈپخانا ھەم مۇشۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىر نەچچە پارچە سامان قەغەزگە يېزىلغان قول يازمىلار ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇلار شۈبھىسىزكى جەڭدە غەلىبە قازانغان كۆچمەنلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىمىغان. گەرچە بۇ قول يازمىلار پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ خەتلەرنىڭ ئىزى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇلارمۇ ھەم ھۆكۈم چىقىرىشقا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ. [10-رەسىمگە قاراڭ]؛ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن بۇ تېكىستلەر، ئارستوتېل ئېقىمىدىكىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن بىرىنىڭ پەقەت بىرلا تېمىسى ۋە بىر پارچە گرېك شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئوردىدا تۇرغۇچىلار يەنىلا گرېك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىنى قوغدىغان، پەلسەپىۋى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان. بۇ خىل بايقاشلار بىر نەچچە يۈز يىل كېيىن ئۆتكەن پلۇتارك (Plutarch، مىلادى 46—119-يىللاردىكى گرېك تارىخچىسى، —ت) نىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ھالەتكە كەلتۈردى. پلۇتارك: «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئاسىياغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي رايونلاردىكى بىر قىسىم ئادەملەر (ئاز بولغاندىمۇ بىر قىسىم ھۆكۈمران تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھومېر داستانلىرىنى ئوقۇغان. بۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى سوفوكىل ۋە ئەۋرىپىدنىڭ تىراگېدىيىلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقان»: دەپ قارىغانىدى. ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر پونتان بۇلاقنىڭ پۈركۈگۈچ جۈمەككىگە ئورنىتىلغان، گرېك تىياتىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئاشخانا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قەھرىمانىنىڭ يۈز نىقابى [11-رەسىمگە قاراڭ] نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئەيقا—

ئۇم شەھىرى تىياتىرخانىسىدا ئورۇنلانغان تىياتىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گرېك تىياتىر ئەسەرلىرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىلا گرېتسىيە كۆچمەنلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما يېزىقتىكى تېكىستلەردىن بايقالغان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە گرېك كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ بىراق يەنە بىر قىسىم تىپىك ماكېدونلۇقلارنىڭ ئىسمىمۇ (مەسىلەن Lysanias) يەنە بىر قىسىم گرېتسىيىنىڭ شىمالىدىكى بالقان رايونلىرىدا ياشىغۇچى قەۋم كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. Triballos دېگەن ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئوردىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىنراق جايغا دەپنە قىلىنغان Kineas دېگەن كىشى ئىسمىمۇ ھەم شۇنداق. ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بۇغالتىرلاردىن بىر قىسىملىرىمۇ ھەم يەرلىك ئىسىملارنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن: ئۇلاردىن ئىككى كىشىنىڭ ئىسمى Oxedeakes ۋە Oxubazes بولۇپ، ئوخسۇس دەرياسى ئىلاھى Oxos نىڭ ئىسمىدىن كەلگەنلىكى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى: باكتىرىيىنىڭ يېڭى خوجايىنى ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى يېتىشتۈرۈپ چىققان يەرلىك ئەمەلدارلارنى ساقلاپ قېلىشنى پايدىلىق دەپ قارىغان.

يۇقىرىدىكىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولغىنىدەك، يەرلىك تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

قورغاندا ناھايىتى كۆپ ئاددىيلىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيلەر بار. ئېھتىمال بۇ ئۆيلەر شەھەرگە ئانچە كۆپ كىرىپ تۇرمايدىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بولسا كېرەك.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سەنئەت ھەۋەسىمۇ يەنىلا گرېك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا بولغان. ئۇلار ھەتتا ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كىلاسسىك ئۇسلۇبلارنى ساقلاپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. مەسىلەن: نەقىش ئىشلەش ئۈچۈن يېڭىچە شەكىلدىكى سىلىق چاسا تاشلار ئىشلىتىلمەستىن، شېخىل تاشلار ئىشلىتىلگەن. شېخىل تاشلار ئارىسىدا خېلى چوڭ ئارىلىقلار بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قىزىل تاش يەر ئۈستىگە ئىشلىتىلگەن. ئاق تاش بىلەن نەقىش ئىشلەنگەن. بەزىدە پاتقۇرۇپ قويۇلغان قارا تاشلارمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ [4-رەسىمگە قاراڭ]؛ توپلانغان نەقىشلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى گۈل، يۇنۇس بېلىقى، دېڭىز ئېيتى (سەقەنقۇر)، دېڭىز ئالۋاستىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت نەقىشلەردە. بىرلا خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ستېرېئوۋازىق ياكى بوشلۇق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلىنمىغان.

قېزىۋېلىنغان كىچىك ھەيكەللەردىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. بىر

ئايال ھاسىغا تايىنىۋالغان. بىر ئەر بېشىغا دەرەخ يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان چەمبىرەك ئارتىۋالغان، ياكى ئۇچىسىغا خالات يېپىنىۋالغان بىر يىگىتنىڭ ئادەتتىكى ھەيكىلىدۇر. نەقىشلەر ئىنتايىن سېپتا بولسىمۇ، يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوللىنىلغان. لېكىن گرېك باكتىرىيە نەققاشلىرىدا بىر خىل يېڭىچە، قىزغىن ئىجاتكارلىق روھ بار. ئۇلار چوڭ ھەيكەللەرنى ياكى قىسقا ئادەتتىكى نەقىشلەرنى ئويغان چاغدا ئىلگىرى گرېتسىيەدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ماھىرەتلىرىنى ئىشقا سالغان. ئۇلار ئالدى بىلەن پولات ئېمۇق ياكى ياغاچلاردىن ئۇل جازىلىرىنى ياساپ، ئاندىن ئۇل جازىسى ئۈستىگە سېغىز لاي ياكى كۈل لاي بىلەن ھەيكەللەرنى ياسىغان.

ئىلاھ ھەيكەللىرىدە شەرقنىڭ تەسىرى خېلى گەۋدىلىك. مەسىلەن: بۇ خىل تەسىر قىزىل ساپالدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللەر ياكى پىل چىشىدىن ياسالغان كىچىك ئايال ئىلاھلار ھەيكەللىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. [12-رەسىمگە قاراڭ]؛ بۇ خىل ئايال ئىلاھلار يا رەڭلىك كىيىندۈرۈلگەن، ئاجايىپ كۆركەم زىننەتلەنگەن، ياكى پۈتۈنلەي يالىڭاچ قالدۇرۇلغان گۈزەل ئاياللارنىڭ پورترېتىدۇر. بىر دانە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كۈمۈش پەتنۇس تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا دىنىي ئېتىقادنى ئىپادىلەيدىغان قاپارتما نەقىش ئىشلەنگەن. بۇنىڭدا يەرلىك ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

قاپارتما نەقىشلەردە گرېكلەرنىڭ تەبىئەت ئىلاھى Cybele، شىر قوشۇلغان جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرغان، گرېكلەرنىڭ يەنە بىر ئەنئەنىۋى ئايال ئىلاھىنىڭ قوش قاناتلىق جەڭ ئىلاھىنى بويسۇندۇرغانلىق ھالىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ قاپارتما نەقىشلەردە يەنە دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئىككى كىشى بولۇپ، قۇياش (ئادەملەشتۈرۈلگەن ئىلاھ خورسۇس)، ئاي ۋە بىر يۇلتۇزنىڭ چاقناپ تۇرغانلىق ھالىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گرېك تەركىپلىرىگە تەۋە بولسىمۇ، بىراق ئۇسلۇبى جەھەتتە شەرق ئۇسلۇبى بىلەن ئوخشاش بولغان. رەسىملەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، بېزەش ئۈچۈن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلىنمىغان. رەسىملەر ھامان ئالدى ياكى يان تەرەپتىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. گەرچە باكتىرىيىدىكى ھەقىقىي ئىلاھ (مەسىلەن: مېتال پۇل يۈزىگە ئويۇلغان ئىلاھ سۈرىتى) گرېك ئىلاھلىرى شەكلىدە بولسىمۇ، بىراق ئەيقانۇم شەھىرىدىن تېپىلغان ئۈچ يۈرۈش ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنىڭ ھېچ قايسىسى، گرېك ئىبادەتخانىسىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئاساسىي ئىبادەتخانا چوڭ كوچا ياقىسىدا بولۇپ، ئوردىغا يېقىن جايلاشقان. بۇ غايەت زور چاسا ئىمارەت، ئۈچ پەشتاقلىق ئېگىز سۇپا ئۈستىگە جايلاشقان [2-رەسىمگە قاراڭ]؛ بۇ ئىبادەتخانىنىڭ سىرتقى

تېخى تام تەكچىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. بىر كەڭ ئىشىكلىك كارىدور بىلەن كىچىكرەك ئۆيلەر (ھوجرىلار) تۇتاشتۇرۇلغان. ئۆي ئىچىگە بىر بۇت ئورنىتىلغان. بۇ ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن تار قازناق بار.

بۇ ئىمارەتلەر قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتە گرېك ئەنئەنىسىنى قىلچىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئېگىز سۇپىنىڭ ئۇلى پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكىگە تەقلىد قىلىنغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ تەكشىلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىشىمۇ، زىننەتلىنىشلىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مىسوپوتامىيىدىن كەلگەنلىكىدە شەك يوق.

ئېگىز سۇپا ئالدىغا يېشىلىپ قالغان مۇراسىم ھارىقى تەييارلايدىغان قاچا-قۇچىلارمۇ بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىملارنىڭ گرېكچە بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. گەرچە بىر نەچچە پارچە ئىلاھ ھەيكەللىرىنىڭ سۇنۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ بۇلار بۇ ئىلاھلارنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت بولالمايدۇ. پارچىلىنىپ كەتكەن بىر پاي گرېك سەندىلى (چورۇققا ئوخشاش ئاياغ) تېپىلغان بولسىمۇ [6-رەسىمگە قاراڭ] بۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا گرېتسىيەلىكتەك كۆرۈنسىمۇ ماھىيەتتە ئۇنىڭ بىر قانچە بۆلىكىدە شەرق ئالاھىدىلىكى مۇقەررەر ھالدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى ئىبادەتخانا شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىغا يېقىنراق، سېپىل سىرتىغا جايلاشقان. بۇ ئىبادەتخانا 1-ئىبادەتخانىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق بۇ ئىبادەتخانىنىڭ كارىدورىغا يېقىن جايدىكى ئىلاھ ئوردىسى ئىككى ئېغىز ئۆي بولماستىن ئۈچ ئېغىز ئۆي بولغان. كارىدورنىڭ ئىشىكى يوق. ۋە ئىبادەتخانا ھەم ئوخشاشلا گرېك پاسونىدا ئەمەس. بۇ بىر پەشتاقلىق چوڭ، ئىلاھ سۇپىسى بولۇپ، قورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان. گرېك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە پارسلار ئادەتتە ئىبادەت مۇراسىملىرىنى ئېگىز جايلاردا ئۆتكۈزىدىكەن. قورغاندىكى بۇ ئىلاھ سۇپىسى بۇ خىل ئوتتۇرا شەرق ئالاھىدىلىكىگە تازا باب كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمىز 15 يىلدىن بۇيانقى قېزىش تەكشۈرۈش (1965-يىلىدىن باشلانغان) داۋامىدا، ئەيقانۇم شەھىرىدىن قېزىپ تاپماقچى بولغان ئاسارە-ئەتىقىلەرگە قارىتا چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتتى. 15 يىلنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ يىراق، چەت رايوندا ئىلگىرى گۈللەنگەنلىكى ئېنىق بولغان بىر پايتەختنى تېپىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.

يىراقتىكى پاكىستان ئارقىلىق كىشىلەر، گرېك كۆچمەنلىرىنىڭ، بىر تەرەپتىن كۆپ جايلاردا گرېك مەدەنىيىتىگە قاتتىق سادىق بولغانلىقىنى خىيالىمىزغا كەل-

تۈرمىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بىر قاتار ئىشلاردا پۈتۈن كۈچ بىلەن شەرق ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارتىن (ApTblH) دېگەن يېر-رىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردەك، گرېكلىشىشتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم پاكىتلىرى ھەم تېپىلماقتا. بۇ ماددىي پاكىتلار بىزنىڭ ئەي-قادۇم شەھىرى ھەققىدىكى خۇلاسىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغۇسى.

خۇلاسە شۇكى: گرېكلار بۇ جايلارغا (ئوتتۇرا ئاسىياغا-ت) كەلگەن چاغلاردا، بۇ جايلاردا ئاللىقاچان تەرەققىي قىلغان شەھەر مەدەنىيىتى مەۋجۇد ئىدى. ئۇلار غايەت زور بىنالارنى قۇرغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇزاق ئەنئەنىلەرگە ئىگە ئىدى.

ئوكسۇس دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن گرېك كۆچمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنى-يەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىشقا جان-جەھلى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ يەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان يەرلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسى-رىنىمۇ ئۆزلىرى چىن دىلىدىن خالاپ قوبۇل قىلىشقان.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


La Vieille route de l·Inde de Bactres à taxila. A. Foucher in Mèmoires de la Dèlegation archeogique franciseen Afghanistan. Les èditions d· art et d·histoire, 1942-47.

The Greeks in Bactria and India. William W· Tarn. Cambridge University press, 1951.

Ancient Art from Afghanistan: Treasures of the Kabul Museum. Benjamin Rowland· Asia· Society, distributed by H. N. Abrams, 1966

The Dynastic Arts of the Kushans· Jan M. Rosenfield· University of California Press, 1967

L·Orient Hellenisè. D. Schumberger. A. Michel, 1969



خەنزۇچىدىن قاھار ھامىت تەرجىمە قىلغان.

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراھمان ئىمىن

«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى گىرېك شەھىرى»
گە مۇناسىۋەتلىك فوتو سۈرەتلەر











| | |
|---|---|
| 3 | 1 |
| 4 | 2 |
| 5 | 6 |
| 7 | |





www.uyghurkitap.com





9 | 8
10 | 12
11







AltunOq

## «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى گرېك شەھىرى» گە
## مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

【1- رەسىم】: ئەيقانۇم شەھىرى ئورنىدا دائىرىسىدىكى ئاللىقاچان ۋەيران بولغان تاملاردا، تام ئېغىز ۋە كۆل لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ سىلىقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاقارتىلغان ھالىتى ئېنىق كۆزىتىلىپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى كۆرۈنۈش، 20 گېكتار كۆلەمدىكى رايوننىڭ بىر بۇرجەككە سېلىنغان مەمۇرىي مەھكىمە بىناسى.

【2- رەسىم】: بۇ چوڭ كوچىغا يېقىنراق جايدىكى ئۈچ پەلەمپايلىق سۇپا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىبادەتخانىنىڭ كۆرۈنۈشى. قېلىن ئىبادەتخانا تاملىرى، تام تەكچىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. رەسىمدىكى ئەمدىلا تاڭ يورىغان چاغدىكى مەنزىرە، ئارقا تەرىپىدىكى ئۆكسۈس دەرياسىدىن ئۆرلەۋاتقان تۇماننىڭ كۆرۈنۈشى.

【3- رەسىم】: بۇ تۆۋەندىكى شەھەر رايونىدىكى بىر ئىسىل ئائىلىلىكلەر قورۇسى. قورۇنىڭ ئالدى تەرىپ ئوتتۇرىسىدا ئويمان شەكىللىك تۆت بۇرجەكلىك ھويلا بار. 6 m كەڭلىكتىكى، 3 m ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولىدىغان بۇ تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا، گرېك ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ياسالغان بىر دالان ئۆي بار. بۇ دالان ئۆي ئارقىلىق، ھويلا ۋە مەركىزىي ئولتۇراق ئۆيلىرىگە ئۆتكىلى بولىدۇ.

【4- رەسىم】: بۇ رەسىمدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە مونچىنىڭ نەقىشلەنگەن پولى، پول ئۈستى كۆل لاي بىلەن قېنىق قىزىل شېغىل تاشلار ئارلاشتۇرۇلۇپ سۇۋالغاندىن كېيىن ئاق شېغىل تاش پاتۇرۇلۇپ ھەر خىل مەنزىرىلەر نەقىشلەنگەن، مونچا بىناسى بىلەن رەسىملەر ماسلاشتۇرۇلۇش مەقسىتىدە پولغا سۇ ھايۋانلىرى، ئەپسانىۋى دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن.

【5- رەسىم】: رەسىمدىكى باكتىرىيەنىڭ مېتال پۇلى. پۇلنىڭ ئۆڭ تەرىپ يۈزىگە پادىشاھ ئېۋكراتىدېسنىڭ باش سۈرىتى، ئارقا تەرىپ يۈزىگە قەھرىمان كاستور (CaSTOr) بىلەن پوللوكىس (Pollux) نىڭ سۈرەتلىرى ئويۇلغان.

بۇ پۇللار ئېۋكراتىدېسنىڭ گرېك مۇستەملىكە زېمىنىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەندە ئەمەلدىن قالغان.

【6- رەسىم】: بۇ بىر پاي سەندال كېيدۈرۈلگەن پۇت پارچىسى بولۇپ، چوڭ ئىبادەتخانىدىكى ئىلاھ ھەيكىلىنىڭ بىر سۇنۇقى. بۇ پارچىغا قاراپ بۇ ئىلاھنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

【7- رەسىم】: ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن بىر گرېكلەشكەن ئىمپېرىيە مىراس قالغان بۇ ئىمپېرىيە كىچىك ئاسىيا، مىسىردىن تارتىپ شەرققە كېڭىيىپ ھىندى دەرياسىغىچە بولغان زېمىن

لارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شەرقىدە بىر مۇستەملىكە زېمىنى بار بولۇپ، ھازىر بۇ جاي ئەيقانۇم دەپ ئاتالدى. بۇ جاي ئىسكەندەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشتىن ئىلگىرى، پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق بىر ئۆلكىسى بولۇپ، باكتىرىيەدىن كېيىنلا ئوخۇس دەرياسى بويىدا قەد كۆتەرگەن. دەسلەپتە باكتىرىيەنىڭ بىر بۆلەك زېمىنى سېلېۋكۇسنىڭ ھۆكمرانلىقىدا ئىدى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250- يىلى باكتىرىيە مۇستەقىل بىر پادىشاھلىق بولغان.

[ 8- رەسىم ]: ئەيقانۇم شەھىرى ئوخۇس دەرياسى بىلەن كوكچا دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن دېلتا شەكىللىك بىر بەلباغقا جايلاشقان؛ بۇ يەردە بىر تەبىئىي قورغان بار بولۇپ ئەتراپى يەر يۈزىدىن 60m ئىگىز چىقىپ تۇرىدىغان قىيالار بىلەن ئورالغان، چوڭ كوچا شىمالى دەرۋازىدىن باشلىنىپ، قورغان باغرىدىكى قۇرۇلۇشلار ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ كوكچا دەريا سېغىچە سوزۇلغان. كەڭ كەتكەن ئوردا رايونى بىلەن كۆپ قىسىم ئاھالە قۇرۇلۇشلار مۇشۇ چوڭ كوچا بىلەن ئوخۇس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقى ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. رەسىمدە كۆرسىتىلگەن (a) ئوردا رايونى، (b): قەنتەبەرىيە سارىيى (C): تىياتىرخانە، (d): قورال-ياراغ ئامبىرى (e) ئائىلى دەرىجىلىك تۇرالغۇ جاي. (f): قورغان ئۈستىدىكى ئىستىھكام، (g): ئىگىزلىكتىكى ئىلاھ سۈپىسى. (h): چوڭ كوچا ياقىسىدىكى ئىبادەتخانا (i) شەھەرنىڭ شىمال تەرەپ سىرتىدىكى ئىبادەتخانە.

[ 9- رەسىم ]: (a): ئوردا رايونىدىكى كەڭ بىر ھويلا. (b): ھويلا ئىچىدىكى بىر يول كارىدور؛ بۇ كارىدور ئارقىلىق مەمۇرىي مەھكىمىگە كىرىپ چىققىلى بولىدۇ. (c): دىققەتكە سازاۋەر بىر يۈرۈش تۆت چاسا ئىمارەت. ئىچىدىكى ئۆز ئارا تىك كېسىشىپ كەتكەن كارىدورلار بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنى سىممېترىك ھالەتتە ئايرىپ تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئىچكى ئۆي مېھمان كۈتۈش زالى، سول تەرەپتىكى ئىككى ئىچكى ئۆي ئىشخانا؛ (d): بۇ بىر كىچىكراق ھويلا بولۇپ غەيرى رەسمىي ئىشلارنى بېجىرىش ئورنى بولسا كېرەك. (e): ناھايىتى كۆپ ئامبارلار بىر مەركىزىي ھويلىنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ. (f): بۇلار ئۈچ كورپۇس شەخسلەر تۇرالغۇسىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى

[ 10- رەسىم ]: بۇ ئوردا خەزىنىسىدىكى كىتاب ساقلاش ئۆيىدىن تېپىلغان گرېكچە قول يازما پارچىسىنىڭ كۆرۈنۈشى. بۇ ئىككى پارچە ئارگىمال پارچىسى گرېك ئاقىۋۆ گەكلىرىنىڭ شېئىرى ئەسەرلەر ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

[ 11- رەسىم ]: بۇ بىر پۈتۈن بولاق جومەكنىڭ ئاغزى قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن تىياتىرلاردا ئىشلىتىلىدىغان يۈز نىقاۋى.

بۇ ئېھتىمال ئەيقانۇم شەھىرى تىياتىرخانىلىرىدا ئوينالغان، گرېك تىياتىرلىرىدىكى تاشخانا ئىشلىرى قەھرىمانلىرىنىڭ يۈز نىقاۋى بولسا كېرەك.

[ 12- رەسىم ]: بۇ سۆڭەكتىن ياسالغان كىچىك ھەيكەل شۇ جەمىيەتتىكى مۇشۇ يەرلىك ئاياللارنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، بۇنىڭدا گرېك سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ قىلچىمۇ تەسىرى يوق. يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئەيقانۇم شەھىرىدىكى قۇرۇلۇشلاردىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

# «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» پروگراممىسى ※

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

ئىككىنچى پاراگراف: ئاسىغ تۇتۇق، چىسۇيا تۇتۇق، قالىم كەيشى، پراتياياشرى ۋە كىلكى قاتارلىق ئىدىقۇت بۇددا شائىرلىرى.

١. ئاسىغ تۇتۇق ھەققىدە تەپسىلات.
٢. چىسۇيا تۇتۇق ھەققىدە تەپسىلات.
٣. قالىم كەيشى ھەققىدە تەپسىلات.
٤. پراتياياشرى ھەققىدە تەپسىلات.
٥. كىلكى ھەققىدە تەپسىلات.
٦. كۈنچۈك ئىدىقۇت ھەققىدە تەپسىلات.
٧. شائىرە سىلىغ تېكىن ھەققىدە تەپسىلات.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا چەتئەل ئەدەبىياتى.

١. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تەرجىمە ئەدەبىياتى سەمەرىلىرى. مانى، بۇددا ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى ئۇنىۋېرسالىزم ھادىسىسى.

٢. ئىدىقۇتتا «رامايانا» ۋە «ماخاپخاراتا» ئېپوسلىرى.

٣. ئىدىقۇتتا ئىزوپ مەسەللىرى.

٤. خىرىستىئان ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، مەتتۇردىن مەنگۈ تاشلىرى «ئىنجىل»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى.

٥. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى ئالدىدىكى يېڭىدە، بېزەكلىك ۋە ئىدىقۇت— يارغۇل قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ خارابىغا ئايلاندۇرۇلۇشى.

## II توم

## خاقانىيە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى

## V بۆلۈم

## قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

### I باب

### قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي بايانى

بىرىنچى پاراگراف: ئىسلامىيەتكىچە قاراخانىلار خاندانلىقىدا مەدەنىيەت ۋە سەنئەت

١. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئالدىدىكى غەربىي ئۇيغۇرلاردا مەدە-

---

※ بېشى ئۆتكەن ساندا

نىي ھايات، ئەلك قەدىمكى ئاتىش ئادىمى باش سۆڭىكى، ئاپراسىياپ ۋە قوز ئوردا، بۇددىزم دەۋرىدىكى قەشقەر مەدەنىيىتى، سۇلتى سۇما ۋەسۇلتى باھادا، تالى سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر — بالاساغۇن — سۇياب مەدەنىيىتى، لى تەيبەيىنىڭ سۇياب ھەققىدىكى شېئىرلىرى.

2- ئەرەب ئىستېلاچىلىرىغا قارشى كۈرەش، بۇكۇخان ۋە كۈلتېكىننىڭ جەڭلىرى گاۋشەنزى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى ئون ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى كۈرەشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇتقان ئورنى «ئايسۇلۇ» ۋە «گۇر ئوغلى» داستانلىرىدا ئەرەبلەرگە قارشى بەدىئىي پىكىرلەر.

3- قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى ۋە سامانىلار خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى. ئوترار (قاراچۇق) — سۇياپ — بالاساغۇندا سامانىلارغا قارشى كۈرەشلەر، كۆل بىلگە قىدىرخان ۋە ئوغۇلچەك قىدىرخاننىڭ مۇسۇلمانلاشقان سامانىلارغا قارشى كۈرەشلىرى.

4- قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىكى تارىخىي باسقۇچلار، ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم، مانىزم مەدەنىيىتىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆتۈش جەريانىدىكى قانلىق جەڭلەر ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈش ۋە خارابىلىشىش جەريانلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى.

1- قاراخانىلارنىڭ ئىسلاملىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىگە تەسىرى، تۈركىي خەلقلەردە ئېتنىك يېقىنلىشىش جەريانىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى.

2- قاراخانىلارنىڭ ماۋەرەئۇننەھرنى ئىگىلىشى، ئارسلان خانلىق ۋە ئېلىك خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر، خارازمشاھلار قاتارلىق ئۈچ خانلىقنىڭ بىللە ياشاش مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشى، قاراخانىلارنىڭ ماۋەرەئۇننەھرى، خۇراسان ۋە خارازمدىكى ئۈستۈنلۈك دەۋرى.

3- ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى باسقۇچى — تۇغدار «خاقانىيە» تىلى، خاقانىيە تىلىنىڭ ئېتنىك ئاساسى ۋە كەڭ ئىستېمال قىلىنىشى، خاقانىيە تىلىنىڭ لۇغەت تۈرك دەپ ئىستېمال قىلىنىشى، سوغدى ۋە توخار تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر-تۈركلىشىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قاراخانىلار، كۆسەن، ئىدىقۇت، قۇمۇل، ماۋەرەئۇننەھرى، يەتتە سۇ ۋە خۇراساندىكى تۈگۈنلىنىشى، ئەرەب تىلى ۋە تۈرك تىلى ئارىسىدىكى «بەيگە»، قوش تىل — زۇلىسانەيىن ئىگىلەش دولقۇنى، شۇ زامانىدا ئارخىتېكتورا، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت، بۇخارانىڭ قايتا ياسىلىشى،

ئۈچىنچى پاراگراف: شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت-سەنئەت مۇنبىرىدىكى زەپەر دەستىلەر

1- قاراخانىلار خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان زەپەر دەستىلەر: مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد ئەھمەدانى، فەرغانى، ئەتتۈركى، مۇھەممەد سەمەرقەندى.

2- خارازمىي خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان زەپەر دەستىلەر: مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارازمى: شەيخ سەئىدىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى.

3- غەزنەۋى خانلىقى تەۋەسىدە ياشىغان زەپەر دەستىلەر: رۇداكى، دەقىقى، مانۇچېھرى، سامانى، ئىبنى سىنا، ئابۇلقاسىم فىردەۋسى شاھنامە ئاتلىق قاپۇس ھەققىدە زامات.

4- ھىنداكىتلىك ئەدەبىيات— تەپەككۇر ئەدەبىياتى شەكىللىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنى بىرلەشتە ئىپادىلىنىشتىكى ئالاھىدىلىكى.

## II باب

## ئەبۇ ناسىر فارابى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى

بىرىنچى پاراگراف: فارابىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى

1- فارابى توغرىسىدىكى مەنبەلەر ۋە فارابىشۇناسلىق.

2- فارابىنىڭ ۋەتىنى، نەسەبى ۋە باغداتقا بېرىشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى.

3- فارابىنىڭ باغدات— دەمەشىق— ئالىپ— مىسىر دەۋرىدىكى ھاياتى.

4- فارابى ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەلىرى ۋە ئاساسىي خاراكتېرىستىكىسى.

5- فارابىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخى قىممىتى

ئىككىنچى پاراگراف: فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى.

1- فارابى ئىنسانغا خاس ئېستېتىك ئىقتىدار توغرىسىدا.

2- فارابى تەقلىدىيەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا.

3- فارابى تەسەۋۋۇر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا.

4- فارابى مەجازى ۋاستىلار توغرىسىدا.

5- فارابى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا.

ئۈچىنچى پاراگراف: فارابىنىڭ شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا سەنئىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى.

1- فارابىنىڭ شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئەسەرلىرى، شېئىر ژانىرلىرى، قاپىيە قانۇنلىرى، شېئىرىي تىل ۋە رىتورىك تىل (خىتابە) ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى، فارابى لوگىكا ۋە گرامماتىكا توغرىسىدا.

2- فارابىنىڭ مۇزىكا ھەققىدىكى ئەسەرلىرى، فارابى مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، كۈيلەر، ئارغۇنىيلەر، چالغۇلار توغرىسىدىكى تەلىماتى فارابى غەيرى پىفاگورمۇزىكا سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى.

3- فارابى ۋە سىجىزى، فارابى ۋە ئەرەب مۇزىكىسى، فارابىنىڭ نوتا، مۇقام ۋە مۇزىكىنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانى تەسىرى توغرىسىدىكى تۆھپىلىرى.

تۆتىنچى پاراگراف: فارابىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى

1- فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر.

2- فارابى شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانىزم ۋە پانتېئىستىك قاراشلار.

بەشىنچى پاراگراف: فارابىنىڭ ئىنسان ۋە جەمئىيەت، بەخت ۋە كامالەت، پەن ۋە مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە تەربىيە توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىرى.

## III باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

بىرىنچى پاراگراف: يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى-پائالىيىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1- يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي خىزمىتىدە تـ— لەرىگە شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى ئىزاھاتى.

2- يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان تارىخىي مۇھـ— ھىت، ئەينى زامان قەشقەر مەدەنىيىتى، ساجىيە مەدرىسى. سائادەت كۇتۇپخانىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئىگىسى ئىكەنلىكى.

3- يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنىڭ داۋام قىلدۇرغۇچىسى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار كۆز قاراشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى.

ئىككىنچى پاراگراف: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلىشى، تېپىلىشى ۋە تەتقىقاتى
1- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۇغراخانغا سۇنۇلۇشى.
2- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەينى زامان جاھان مەدەنىيەت مۇنبىرىدىكى ئورنى
3- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تېپىلىشى ۋە ھازىرغىچە بولغان 3 خىل نۇسخىسى نەمشىيەت تارمىسىيە «قۇتادغۇ بىلىك» فەرغانە نۇسخىسىنىڭ ئاقسۇدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدا.
4- چەتئەللەردە «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تارىخىي ئۈچمىرىـ— گى، ئوتتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكى.
5- جۇڭگودا «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ باشلانغان ۋە گۈللەنـ— گەن باسقۇچلىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ كۆپ قىرلىقلىقى.

ئۈچىنچى پاراگراف: «قۇتادغۇ بىلىك»—قامۇسى داستان
1- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىي خاراكتېرى «قۇتادغۇ بىلىك» دىكى دىداكتىك، لىرىك، دىرامماتىك ئامىللار، «قۇتادغۇ بىلىك» تەپەككۇر ئەدەبىياتى، داستاندا ئابستىراكىت ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈش، مەنتىقىي مەركەزلەرنىڭ ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى.
2- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىكى تەبىئەت پەلسەپەسى كۆز قاراشلىرى «تۆرت تادۇ»، زىددىيەت ۋە ھەرىكەت. ئاسمان جىسىملىرى، بۇرج ۋە تۆرت پەسىل ئىزاھاتى، داستاندا ئىنسان ھاياتى ۋە چوشەش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار.
3- داستاندا باھارىيات تەسۋىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى.
4- داستاننىڭ كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى، مۇقەددىمە، بايان ۋە خاتىمە، تۆت ئوبراز مەجازى قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق ئالامەتلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستان كومپوزىتسىيىسىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت كومپوزىتسىيىسى بىلەن بولغان بىردەكلىكى.

تۆتىنچى پاراگراف: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇن تەھلىلى
1- يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسان ۋە بەختسائادەت توغرىسىدا ئىنساننىڭ كامالەتى ۋە جەمئىيەتنىڭ كامالەتى، ئۇزمانىزم ۋە كامالەتلىك جەمئىيەت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى.
2- ئەقىل ۋە بىلىم توغرىسىدا، داستاندا ئەقىل— پاراسەت ۋە بىلىم توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ راتسىئونالىزملىق ئەھمىيىتى، ئادانلىق ۋە بىلىم مەسىلىلىرىنىڭ ئىنسان ۋە جەمئىيەتنىڭ تاكامۇللىشىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئىلىم ئەھلىنى

قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە، پەن ۋە دىنىنىڭ داستاندا تۇتقان ئورنى، ئەينىزامان ئىلىم-پەنلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇر، بىلىش ۋە ئەمەلىيەت ھەققىدە.

3- تىل ۋە تىل گۈزەللىكى توغرىسىدا، تىلنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم، ئەخلاق ۋە گۈزەللىك ئۆلچەملىرى ئاساسىدا سۆزلىنىشى.

4- ھاكىمىيەتنىڭ ئىلىمگە ۋە خەلققە يېزىلغان ئىجتىمائىي بەخت-سائادەتنىڭ ئادىللىقى شەرتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا. خاقان، ۋەزىر، سەركەردە، ئەلچى ۋە ھەرقايسى بەگ-ئەمەلدارلارنىڭ بىلىم ۋە خەلقتە يېزىلىشى، بىلىم ۋە ئەخلاقىي شەرتلىرى توغرىسىدا.

5- ئادالەت ۋە قانۇن مەسىلىلىرىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دە تۇتقان كۆرۈنەرلىك ئورنى، كونستىتۇتسىيىلىك مونارخىيە ئىدىيىسىنىڭ دەسلەپكى تارىخىي ئەھمىيىتى، قانۇن-نىڭ خاقاندىن ئۈستۈنلىكى، قانۇن ئالدىدا ھەممە مىللەت ۋە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ئىدىيىسى.

6- داستاندا ئەخلاق ۋە تەلىم مەسىلىلىرىنىڭ تۇتقان ئورنى.

7 داستاندا ئىجتىمائىي كەسىپلەر ھەققىدىكى بايانلارنىڭ تارىخىي رېئاللىق قىممىتى.

بەشىنچى پاراگراف: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بەدىئىي شەكىل تەھلىلى

1- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى— خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ ئۇرخۇن ئۇيغۇر تىلى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر تىلى، «دىۋان» تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، داستاندا تىل بايلىقى.

2- «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئىران ئەدەبىياتى مەسىلىسى.

3- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شېئىرىي شەكىللىرى، مۇتەقارىپ، مۇسەممەنى مەھزۇپ، تەجنىس، رۇبائىيات ۋە قەسىدە شەكىللىرىدىن ئۆرنەكلەر.

4- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دىئالوگ، مونولوگ، تەبىئەت لىرىكىسى، تەمسىل، ئىرسالۇل مەسەل، كىنايە، مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر، تەشبىھ، تەقابىل قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى. 5- «قۇتادغۇ بىلىك» شائىر ۋە شېئىر ھەققىدە.

ئالتىنچى پاراگراف:

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭى تارىخىي باسقۇچ ياراتقان نامايەندە

1- «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى تەسىرى، ئۇنىڭ شەمسۇلمائالى قابۇسقا، ئەخمەت يۈكنەكىگە ۋە نىزام مۇلۇككە تەسىرى.

2- «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تەسىرى، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە چىڭگىزى.

3- ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تۇتقان ئورنى.

## III -باب

## مەھمۇت قەشقەرى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»

بىرىنچى پاراگراف مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيىتى

1- مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ۋەتىنى، نەسەبى ۋە قەۋرىسى

2- مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەلەم ۋە قەلەم جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى.

3- مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلمىي ساياھەتلىرى.

4- مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا كېلىشى ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى يې—

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىپ باغدات خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىنىشى، ئالىمنىڭ باشقا ئەسەرلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ تارىخىي قىممىتى.

1- خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەر تىلىدىكى ئورنى مەسىلىسى

2- «تۈرك» تىلى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان شەرقىدە ئەرەب تىلى بىلەن تارىخىي بەيگىسى. «دىۋان» مۇقەددىمىسىدە «تۈرك» تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ شەرق، غەرب، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە بىشارەت قىلغۇچى بايانلار. ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى مەقسەتدارلىق، كىتابنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىكى ئالاھىدىلىك.

3- «دىۋان» نىڭ سېلىشتۇرما تۈركىي تىللار ئىلمىدىكى تارىخىي قىممىتى.

4- «دىۋان» ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر ئېتنىك تارىخىنى ئۆگىنىش جەھەتتىكى تارىخىي قىممىتى.

5- «دىۋان» ۋە ئۇيغۇر لۇغەت شۇناسلىقى. «دىۋان» نىڭ خىيلا نىڭ «بارلىق نومۇلارنىڭ فونېما ۋە مەنىلىرى»، «ئىددىقۇت سۆزلىكى»، زەمەخشەرىنىڭ «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن تارىخىي ئىزچىللىقى ۋە سېلىشتۇرمىسى.

ئۈچىنچى پاراگراف: «دىۋان» نىڭ تېپىلىشى ۋە «دىۋان» شۇناسلىق

1- «دىۋان» ۋە ساھىبقىرانلار، سالجۇقلار ھالاكىتىدىن كېيىنكى «دىۋان» نىڭ تەقدىرى، «دىۋان» نىڭ دەمەشىق نۇسخىسىنىڭ (مۇھەممەت بىننى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇل يەتىغ كۆچەرگەن) تېپىلىشى.

2- چەت ئەللەردىكى «دىۋان» تەتقىقاتى، ئۇنىڭ نەتىجە ۋە يېتەرسىزلىكلىرى

3- جۇڭگو «دىۋان» تەتقىقاتى.

4- «دىۋان» نىڭ كىتاب شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى.

تۆتىنچى پاراگراف: «دىۋان» دىكى ئەدەبىياتقا ئائىت يادىكارلىق خاتىرىلىرى.

1- «دىۋان» دىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەنبەلىرى.

2- «دىۋان» دىكى شېئىرىيەت ۋە شائىرلارغا ئائىت مەنبەلەر.

3- «دىۋان» دا ئالىپ ئەر تۇڭا ۋە بىكەتچى ئارسلان تېكىن ھەققىدىكى مەنـ بەلەر، («تارىم» ژۇرنىلى، 1983-يىل، 2-سانىغا قارالسۇن)

4- «دىۋان» دىكى ئەدەبىياتقا ئائىت مەنبەلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى.

## IV-باب

## ئەخمەت يۈكنەكى ۋە «ھەببەتۇل ھەقايىق» داستانى

بىرىنچى پاراگراف: ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

1- ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ھاياتى ۋە «ھەببە تۇلھەقايىق». ئەسىرى

2- ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئىدىيىۋى مەنبەلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەخمەت يۈكنەكىگە تەسىرى.

3- «ھەببەتۇلھەقايىق» نىڭ تۈزۈلىشى، تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى تارىـ خى، ناۋايى ئەخمەت يۈكنەكى توغرىسىدا، داستاننىڭ ۋەزىن تۈزۈلۈشى، چەت ئەللەردە

ۋە جۇڭگودا بۇ داستاننىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى.

ئىككىنچى پاراگراف: «ھەببەتۇلھەقايىق» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

1- داستاننىڭ باش سەرلەۋھىسى ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان تارىخىي مۇھىت.

2- ئەقىل ۋە بىلىم مەسىلىلىرىنىڭ داستاندىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى.

3- داستاندا ئەخلاق ۋە پەزىلەت مەسىلىلىرى.

4- داستاندا ئەينى زامان رېئاللىقىغا قارىتىلغان تەنقىدىي پىكىرلەر ۋە ئۇ- نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: «ھەببەتۇلھەقايىق» نىڭ تىلى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

1- داستاننىڭ تىلى— خاقانىيە— قەشقەر تىلى.

2- داستاننىڭ شېئىرىي شەكلى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى.

3- داستاننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى.

## VI - باب

## قاراخانىلار دەۋرىدىكى تەزكىرى ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىلمىي - نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىلىرى

1- ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى.

2- جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ «مول ھەقاتۇس سوراخ» ناملىق لۇغىتى.

3- ئىمادىددىن قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ فارابى ۋە ئىبنىسىنا ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئىجادىي ئەمگىكى، «شەرھى ئەلقانۇن» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: خاقانىلار دەۋرىنىڭ كېيىنكى تەزكىرى ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلىرى.

1- ساتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى.

2- ئارسلانخان تەزكىرىسى.

3- ئەبۇ نەسىر سامانى ۋە ئابدۇللا پەتتاخ تەزكىرىلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلىرى

1- ھارۇن بۇغراخان ھەققىدىكى ناخشا— قوشاق.

2- ئوردا خېنىم رىۋايىتى.

3- قاراخانىلارغا ئائىت مەدھىلىق جەڭنامە ئەدەبىياتى.

4- قىدان ۋە كۈچلۈك خان ھۆكۈمرانلىقىنى ئىپادىلىگۈچى رىۋايەتلەر.

# ئالتىنچى بۆلۈم

## موغۇل ۋە چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## I - باب

## «چاغاتاي تىلى» ۋە چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي بايانى

بىرىنچى پاراگراف: «چاغاتاي تىلى» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى باسقۇچى

1- تارىخىي ئۈبزۈ، چىڭگىزخاننىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ئىستېلا قىلىشى، مۇڭغۇل ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا ئۇيغۇر سەركەردىلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە زىيالىيلىرى، كىرنا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مۇڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى. ئالتۇن ئوردا ۋە چاغاتاي مۇڭغۇللىرىنىڭ تۈركلىشىشى ۋە مۇسۇلمانلىشىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئېتنىك ئۆزگىرىشلەر.

2- «چاغاتاي تىلى» — خانلىق سەلتەنىتى بىلەن نىشانلانغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، چاغاتاي تىلىنىڭ لېغەت فوندى ۋە لوغەت تەركىبى، سامانىلار تاجىك تىلى ۋە تۈركلەشكەن سوغدى — تۇخار تىللىرىنىڭ چاغاتاي تىلى تەركىۋىدە ئىپادىلىنىشى

ئىككىنچى پاراگراف: چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي باياني

1- «سىراجەل قۇلۇب» (قەلب چىراغى) ۋە دىنىي ئەدەبىيات.

2- «راھەتۇلقۇلۇپ» ۋە چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ھېكايىتى.

3- «مەسالى كىتابى» ۋە دىداكتىك مەسەللەر.

4- «بەختىيار نامە»، «لاتاپەت نامە» ۋە «تەئەششۇقنامە» داستانلىرى.

5- «قەمبەر ئوغلى» ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر».

ئۈچىنچى پاراگراف: چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ناماينىدىلىرى

1- سەئدىن قەشقەرى ھەققىدە تەپسىلات.

2- سۇلتان مالىك قەشقەرى ھەققىدە تەپسىلات.

3- شاھقۇلى ئۇيغۇرى ھەققىدە تەپسىلات.

تۆتىنچى پاراگراف چوڭ ھەجىملىك قىسسە «ئۆزگىدۇلامىشنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى.

1- قىسسىنىڭ ئاپتورى، مەيدانغا كېلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى.

2- قىسسىنىڭ تېمىسى، تۈزۈلۈشى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى.

3- قىسسىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، تىلى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى.

4- قىسسىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىي تەتقىقاتىدىكى قىممىتى.

## II- باب

## ئەخمەت يەسەۋى، مۇھەممەت خارەزمى ۋە نەسىردىن رابغۇزى

بىرىنچى پاراگراف: ئەخمەت يەسەۋى ۋە «دىۋان ھېكمەت»

1، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى، ئەخمەت يەسەۋى قەۋرىسىنىڭ ئاقساق تومۇر تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلىشى.

2- ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرى ۋە ئىدىيىۋى خۇسۇسىيەتلىرى. سوفىزىملىق ئىدىيىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشى.

3- «دىۋان ھېكمەت» نىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئاساسىي مەزمۇنى، «دىۋان ھېكمەت» دە سوفىزىملىق ئىدىيە ۋە خەلقپەرۋەر ئىدىيىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

4- «دىۋان ھېكمەت»نىڭ تىلى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

5- «دىۋان ھېكمەت» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پىكىر ئېقىمىغا تەسىرى.

غەزەل دىۋانى ۋە نەقىشمۇەندىچىلىكىنىڭ دىنىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىرى مەسىلىسى.

ئىككىنچى پاراگراف: مۇھەممەت خارازمىي ۋە «مۇھەببەتنامە»

1- «نامە» ژانىرى ۋە ئۇنىڭ غەزەلىياتتىن داستانچىلىققا ئۆتۈشتىكى ئورنى. خارازمىنىڭ ھاياتى ۋە سىر دەريا ياقىسىدا «مۇھەببەتنامە» نى يېزىشى.

2- «مۇھەببەتنامە» نى ئارسلانخان ئەۋلادى مۇھەممەت جانىبەك كە ئاتىغانلىقى «مۇھەممەتنامە» نىڭ 10 مۇھەممەت شېئىرى مەكتۇبى ۋە مۇقەددىمىدىن ئىبارەت 11 قىسىمدىن تۈزۈلگەنلىكى.

3- «مۇھەببەتنامە» نىڭ بىر قانچە نۇسخىلىرى ۋە تەتقىق قىلىنىش تارىخى

4- «مۇھەببەتنامە» نىڭ ئىنسانى گۈزەللىك ۋە ئىنسان قەدرى قىممىتىنى ئۇلۇغلىغان گۇمانىزملىق ئىدىيىسىنىڭ ئەينى زامان ھېسى — روھانىيەتچىل ئىدىئا— لوگىيە ھۆكۈمرانلىقى شارائىتىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيىتى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ «مۇھەببەتنامە» دىكى بەزىبىر ئىپادىلىرى.

5- «مۇھەببەتنامە» نىڭ ساپ — راۋان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغانلىقى ئالتۇن ئوردا دەۋرىدىكى ئۇيغۇردىزم مەسىلىسى، «مۇھەببەتنامە» ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى.

6- «مۇھەببەتنامە» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئېستېتىك قىممىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: نەسىردىن رابغۇزى ۋە «قىسەسۇل ئەنبىيا»

1- نەسىردىن رابغۇزىنىڭ ھايات— پائالىيىتى.

2- «قىسەسۇل رابغۇزى (ئەنبىيا)» نىڭ نەزمى نەسىر خاراكتېرى ۋە ھېكايەت مەنبەلىرى.

3- «قىسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ ئاساسىي قىسىملىرى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى.

4- «قىسەسۇل ئەنبىيا» ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى، «قىسەسۇل ئەنبىيا» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ باھارىيات تەسۋىرى.

5- رابغۇزى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، تىلى ۋە تارىخىي قىممىتى رابغۇزىدا قەسىدىچىلىكنىڭ ھارىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرىي رومانچىلىقنىڭ بىخلىنىشى.

تۆتىنچى پاراگراف: پەھلىۋان مەھمۇت، بەدرىددىن چاچى، قۇتب، دۇربەكنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

1- پەھلىۋان مەھمۇت ۋە «غەزەيىنۇل ھەقايىق» داستانى.

2- بەدرىددىن چاچى ۋە ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيەتلىرى.

3- قۇتب ۋە ئۇنىڭ داستانى «خىسراۋ ۋە شىرىن»

4- دۇربەك ۋە ئۇنىڭ داستانى «يۇسۇپ — زىلەيخا»

## IV - باب

## مۇڭغۇل سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

بىرىنچى پاراگراف: مۇڭغۇل سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودا ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ۋەتەن ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسى.

1- بۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئوبزورى.

2- ئاساسلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى— ئەدىب، تەرجىمان ۋە ئالىملارنىڭ ئومۇمىي تونۇشتۇرۇلمىسى، تارىخشۇناس لىيەن خۇيشەن قايا ۋە سارابان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3- بىر دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ۋەتەن ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى، قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: شائىر سەيدول ۋە ئۇنىڭ «يەنمەن توپلىمى»

1- شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى.

2- شائىر شېئىرلىرىنىڭ ئۆلگىلىك مىساللىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

3- سەيدول شېئىرلىرىنىڭ ئەينى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئورنى.

ئۈچىنچى پاراگراف: سۇنىچ قايا (كۈمەن يېزىقى) ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى.

1- ئەدىبىنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى.

2- ئەدىپ ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

3- ئەدىپ ئىجادىيىتىنىڭ ۋەتەن سەنئەت تارىخىدىكى ئورنى.

تۆتىنچى پاراگراف: شائىر جامالىددىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى

1- جامالىددىن ۋە ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى.

2- جامالىددىننىڭ قىزى يۈگى (ئاي جامال) نىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

3- جامالىددىننىڭ ئوغلى دىك (جامالىددىن) خوتەنىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى.

بەشىنچى پاراگراف: شائىر گاۋكېرۇك، پوشۇچىنىڭ، سەيشيەن. ئارقۇن سالى ۋە تېكىمن ساكيانىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

1- گاۋكېرۇك ۋە «فالڭشەن توپلىمى»

2- پوشۇچىنىڭ ۋە «قەلب بۇلاقلىرى توپلىمى»

3- سەي شيەننىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

4- ئارقۇن سالىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

5- تېكىمن ساكيانىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

ئالتىنچى پاراگراف: ئەدەبىي تەرجىمەشۇناس بىلان ئاشىل، جارۇناداس ۋە كۇچارلىق شىلىڭ شىمىن

## يەتتىنچى بۆلۈم

## 14- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەمەرىلىرى

## I - باب

## ناۋايىغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى

بىرىنچى پاراگراف: تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ئۆركىشى.

1- تېمۇر ئەۋلادلىرى دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت گۈللىنىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا گۈللەنگەن فېئوداللىق مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق، رەسساملىق، ئىلىم-پەن ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئىپادىلىرى.

2- ھىرات، بۇخارا ۋە سەمەرقەندتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ھىراتنىڭ خەلقئارا شەھەرگە ئايلىنىشى.

3- ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى.

ئىككىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دۇنياۋىي يۈزلىنىشنىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىشى،

1- روھانىيەتچىلىك بىلەن دۇنياۋى ئەدەبىياتىنىڭ كۈرىشى، بۇ ھاۋىدىن نەقشەۋەندى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى.

2- يېڭى دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىشى، ئىنسان ۋە ئىنسانغا غەمخورلۇق پىكىرلىرىنىڭ كىلاسسىك ئەنئەنىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى كىلاسسىك دەۋر، يازما ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدا گۈزەل ئىنسانلىق ئىدىيەلەر، ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ھاكىم دېتالە قىلىنىق، ئەقىل پاراسەتنىڭ نادانلىق ئۈستىدىكى تارىخىي مەسخىرىسىنىڭ يېڭى شەكلى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئەخمەت ھاجى بەگ ۋە غىياسىدىن باقشىنىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى.

تۆتىنچى پاراگراف: تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى.

1- ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چەتئەل ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى.

2- نىزامى گەنجەۋى، ھاپىز شىرازى، شەيخ سەئىدى، خىسراۋ دېھلەۋى ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئوقۇلۇشى.

## باب II

## ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «مۇنازىرە» ژانىرى نەمۇنىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: يۈسۈپ ئەمرى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: ئەھمەدى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

ئۈچىنچى پاراگراف: يەقىنى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

## باب III

## ئاتايى، سەككاكى ۋە ئابدۇرېھىم ھاپىز

بىرىنچى پارگراف: ئاتايى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى.

1- ئاتايىنىڭ ھايات — پائالىيەتلىرى.

2- ئاتايىنىڭ شېئىرى ئەسەرى «دىۋان ئاتايى» ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاتايىنىڭ تەركىدۇنياچىلىققا زىت ئۈمىدۋارلىق كۆز قاراشلىرى.

3- ئاتايى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئەھمىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: سەككاكى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى.

1- سەككاكىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى.

3- سەككاكىنىڭ غەزەللىرى ۋە قەسىدىلىرىدىكى ئىدىيەۋى پىكىرلەر.

3- سەككاكى شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئەستېتىك قىممىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئابدۇرېھىم ھاپىز ۋە ئۇنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرى دىۋان — «دىۋان ھاپىز تۈركى» 1- ئابدۇرېھىم ھاپىز ۋە ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھاياتى.

2- ئابدۇرېھىم ھاپىز شېئىرى دىۋانىنىڭ يېڭى تېپىلىش ئەھۋالى، دىۋانىنىڭ تۈزۈلۈشى.

3- ئابدۇرېھىم ھاپىز شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

4- ئابدۇرېھىم ھاپىز شېئىرلىرىنىڭ تىلى، شائىر ھەققىدە داۋاملىق ئىزدە—

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى.

5- جامال قارشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى.

## IV باب

## ئەبدۇللا لۇتپى

بىرىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆرۈنگەن ئىپتىخارى ـ لۇتپى

1- لۇتپى توغرىسىدا ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئېيتقانلىرى.

2- لۇتپىنىڭ ھاياتى ــ پائالىيىتى ۋە ئەدەبىي مىراسلىرى.

3- لۇتپىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى.

ئىككىنچى پاراگراف: لۇتپى لىرىكىسى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتى.

1- لۇتپى لىرىكىسىدىن نەمۇنىلەر، غەزەللەر، رۇبائىيلار، تۇيۇقلار ۋە قىتئەلەر.

2- لۇتپى لىرىكىسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.

3- لۇتپى لىرىكىسىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، لۇتپى شېئىرلىرىدا تىل، ۋەزىن ۋە ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر.

ئۈچىنچى پاراگراف: «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى.

1- داستاننىڭ يېزىلىش تارىخى ھەققىدە تەپسىلات.

2- داستاننىڭ ھېكايەت ۋەقەلىكى، تۈزۈلۈشى ۋە تىما تىكىسى.

3- نەۋرۇز ئوبرازى.

4- گۈل ئوبرازى

5- باشقا ئوبرازلار

6- لۇتپىنىڭ شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»سىنى تەرجىمە قىلىشى

## سەككىزىنچى بۆلۈم

## نىزامىددىن ئەلشىر ناۋائىي

## I باب

## ناۋائىي ۋە ناۋائىي دەۋرى

### ناۋائىي ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرى

بىرىنچى پاراگراف: 1- ناۋائىينىڭ ئېتنىك شەجەرىسى، تارىخىي مەنبەلەر، جۈملىدىن «تاۋارىخى رەشىدى» دە ناۋائىي توغرىسىدا.

2- ناۋائىينىڭ دۇنياغا كېلىشى، ناۋائىينىڭ ئائىلىۋى مۇھىتى، ناۋائىيغا ئائىلىسىنىڭ تەسىرى.

3- ناۋائىي ياشىغان دەۋر، ئەينى يىللارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك مۇھىتى، ناۋائىي دۇنيا قارىشىنىڭ مەنبەلىرى ۋە خاراكتېرىستىكىسى.

4- ناۋائىي ياشىغان دەۋرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: ناۋايىنىڭ ھايات جەريانلىرى

1- ناۋايىنىڭ بالىلىق چاغلىرى ۋە ئوقۇش نەتىجىلىرى.

2- ناۋايىنىڭ سەمەرقەندتە تەلىم ئېلىشى، ئۇيغۇر ھاكىمى ئەخمەت ھاجى بېگ- نىڭ ناۋايىغا ھامىيلىق قىلىشى.

3- ناۋايىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنىشى، ناۋايى ئەدەبىي گۇرۇھى

4- ناۋايى ئاستىراباتتا، ناۋايىنىڭ ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرى.

5- ناۋايىنىڭ ئاخىرقى ھاياتى. ناۋايى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزبېك خانلىقىنىڭ ھىراتنى بېسىۋېلىشى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ناۋايىنىڭ دۇنياۋى ئەدەبىياتتا تۇتقان ئورنى.

ناۋايىنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى، ناۋايىشۇناسلىق مەسىلىلىرى.

1- ناۋايىنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى، ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە تۈر- لىرى، ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 15 توملۇق يېڭى نەشرى.

2- ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى، ناۋايى ئەدەبىي تىلى ۋە شېئىرى ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەسىرى. مۇقام ۋە مەدرىسلەردە ناۋايى ئەسەر- لىرى، ناۋايى ئىزىدىن يېڭى شېئىرىيەت كۆچەتزارلىقى.

3- ناۋايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا تەسىرى، ناۋايى مىراسلىرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى، ناۋايىنىڭ پارس ئەدەبىياتىدىكى ئورنى.

4- ناۋايى تەتقىقاتى، ناۋايىشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي مېتودولوگىيەسى.

## II - باب

## ناۋايىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى

بىرىنچى پاراگراف: «غەزەيىنۇلمائانى»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تۈزۈلمىسى.

1- ناۋايىنىڭ دەسلەپكى لىرىك شېئىرلار توپلاملىرى «بەدائىئۇل بىدايە» (بەدىئىيلىك ئىپتىداسى)، «ناۋادىرۇن نىھايە» (بىھەد نادىرلىقلىرى) ئىككى دىۋاندى- كى 1535 شېئىر ۋە ئۇنىڭ غەزەل، مۇستەزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىبەند، قىتئە، رۇبائىي، لۇغز، چىستان، مۇئەممما، تۇيۇق، فەردىن ئىبارەت 12 خىل بېيىت شەكلى.

2- «غەزەيىنۇلمائانى» نىڭ تەشكىللىنىشى، جامىنىڭ تەۋسىيەسى. «چاھار دىۋان» نىڭ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىشى ۋە بۇنىڭدىكى تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكلىرى.

3- «غەزەيىنۇلمائانى» (چاھار دىۋان) ئۇيغۇر لىرىكىسىنىڭ كلاسسىك ئۆلگىسى

ئىككىنچى پاراگراف: ناۋايى لىرىكىسىدا تېما ۋە ئىدىيەۋى پىكىر.

1- ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئىنسانى قەدرى قىممىتى تېماتىكىسى

2- ئىنسانى ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىنسان تەقدىرىگە بەلگىلىگەن قايغۇ- شاتلىق ھېسسىداشلىق تېماتىكىسى.

3- گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت تېماتىكىسى.

4- ئىلىم ۋە نادانلىق تېماتىكىسى، ئەخلاق ۋە تەلىم تېماتىكىسى.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى پاراگراف: ناۋايى لىرىكىسىدا بەدىئىي ماھارەت.
1- چىن ھېسسىيات، رۇشەن پىكىر، ھەقىقىي ئىلھام ۋە تالانتلىق ئىجادىيەت.
2- لىرىك تىل ۋە لىرىك ئىپادىلەش ماھارىتى.
3- ئاھاڭدارلىق ماھارىتى.
4- ناۋايى لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ بېيىت شەكىللىرى.
تۆتىنچى پاراگراف ناۋايىنىڭ پارسچە لىرىك شېئىرلىرى «دىۋان فانى».
1- «دىۋان فانى» نىڭ تېپىلىشى، ئۇنىڭ 6197 بېيىتتىن تۈزۈلگەنلىكى.
2- «دىۋان فانى» نىڭ ناۋايىشۇناسلىقتىكى قىممىتى

## III - باب

## ناۋايىنىڭ ئېپىك ئىجادىيىتى

بىرىنچى پاراگراف: خەمسىچىلىكنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ناۋايى خەمسە داستانلىرى
1- خەمسىچىلىك ئەنئەنىسى، ئۇيغۇر بۇددىزىمىدا ئۇلارنىڭ سۈرەتلىنىشى «جاكاتا» ھېكايىلىرى «قىسسە سۇل ئەنبىيا» دا خەمسىچىلىك ئامىللىرى. خەلق داستانلىرى خەمسىچىلىكنىڭ ھەقىقىي بولىقى، نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋى خەمسىلىرى.
2- ناۋايىنىڭ خەمسە داستان تۈزۈشكە كىرىشىشى. ناۋايى خەمسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى، خەمسىچىلىكنىڭ ناۋايى باسقۇچى.
3- ناۋايى خەمسىچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى، نىزارى ۋە نىم شېھىت ئارمىيىنىڭ خەمسىچىلىكى.
ئىككىنچى پاراگراف: «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانى
1- دىداكتىك داستان «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە تۈزۈلۈشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دىداكتىك ژانىر — تەپەككۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئۆلگىسى. داستاننىڭ باش قەھرىمانى — مۇتەپەككۇر ناۋايى.
2- داستاننىڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنلىرى، فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرىنىڭ داستاندىكى ئىپادىلىرى.
3- داستاننىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مەزمۇنلىرى. ناۋايىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي كۆز قاراشلىرى.
4- داستاننىڭ ئەخلاقىي مائارىپ جەھەتتىكى مەزمۇنلىرى.
5- «ھەيرەتۇل ئەبرار» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.
ئۈچىنچى پاراگراف: «پەرھات ۋە شىرىن» داستانى.
1- «پەرھات ۋە شىرىن» ھېكايىتىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى، ناۋايىنىڭ «پەرھات — شىرىن» داستانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى يېڭى نەپىسەتلىرى.
2- «پەرھات ۋە شىرىن» داستانىدىكى ئىجابىي ئوبرازلار: پەرھات، شىرىن، مېھربانۇ، شاپۇر ۋە باشقا ئوبرازلار، ئۇلارنىڭ تىپىك خاراكتېرى.

---

(داۋامى كېلەرگىسى سانلاردا)

# بىزنىڭ ئالىملىرىمىز

(3)

پروفېسسور مىجىتخۇدابەردى











| | |
|---|---|
| 2 | 1 |
| 4 | 3 |
| 5 | |

1- ئىزدىنىش

2- يېتەكلەش

3- ئەۋرىشكە ئېلىش

4- تۆھپە

5- شەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

喀什师范学院学报

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئارمىيىسى

يېزا ئىگىلىك 1- دىۋىزىيە مەتبەئەسىدە بېسىلدى

نومۇرى: CN65-1014/Z

باھاسى: 0.40 يۈەن